# سىرلىق سۇيىقەست ، ۋەھشىيانە قانخورلۇق

## — قەدىرلىك ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ

## مەخپىي تارىخى

بۇ ناھايىتى پىنھان ئۆتكۈزۈلگەن قانخورلۇق ۋەقەسى يېقىن ئۆتمۈشتە ، — بىز تېخى ئانچە ئۇزاقلىشىپ كەتمىگەن ، ئەسرىمىزنىڭ 1949 — يىلى باش كۈز ئېيىدا سادىر بولدى .

ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ، مىللىي ئىنقىلاپنىڭ رەھبىرى ئەھمەتجان قاسىمى ۋە باش قوماندان گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەگ مونونوۋ ، باش قوماندان ئورۇنباسارى گېنېرال مايور دەلىلقان سوغۇربايېۋ ، ھۆكۈمەت ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ، ئىش باشقۇرغۇچىلار غېنى كېرىموۋ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ ، مەدەنىيەت ئۇيۇشما خادىمى لوجىز ھەمدە ئەھمەتجان قاسىمنىڭ مەخسۇس مۇخاپىزەتچىسى ئوسمانجان ناسىرىلار ستالىن ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن ماۋزېدۇڭ بىلەن كېلىشىلگەن ھالدا ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولدى .

40 يىلدىن ئاشتىكى ، بۇ قاتىللىق پاجىئەسىنىڭ سىرى ئېچىلمىدى . نادامەتلەر بولسۇنكى ، شۇ دەۋر ۋەزىيىتىنىڭ قاباھىتى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ بىيوروگراتىك دىكتاتۇرىسى ، — ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ تەقىپ ئىتىلىشى ۋە ئىككى قارا كۈچ — سوۋېيت — خىتاي غايىۋىي بىرلىگى مانا شۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاشقا ئىمكان بەرمىدى .

خرىستىيان ئىلاھىيەتچىسى ئاۋگوستىنىڭ : « غەپلەتتە ياتقان خەلقنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخىنى ئويغات ! » دىگىنى مىڭ كەرە ھەقىقەت ئىدى . ناھايىتى ئېغىر تەقىپتە ، غەپلەتتە قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەسرەت — نادامەتلىرىمىز ، جەبىر — ئەلەملىرىمىز قەلبىمىزدىن تاشقىرىغا چىقالماي ، بۇرۇختۇم بولۇپ قالغان ئىدۇق .

ئاشكارىلىقنىڭ شاراپىتى بىلەن ، ئۇيغۇرلار ئىلىنىڭ ئاددىي پۇخراسى ، شۇ تۇپراقنىڭ بىر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ژۇرەكتىكى دەرتلەرنى تۆكۈش ، ئىچكى تۇيغۇلارنى ئوچۇق — ئاشكارا بايان قىلىشنى مانا 42 يىلنى ئۆتكۈزۈپ جەزىم قىلدىم .

X X X

قانخورلۇقنىڭ باشلىنىشىنى ۋەقەگە بىۋاستە قاتناشقان ئېتىبارلىق شەخستىن ئاڭلايمىز .

سوۋېيت رازۋېتچىگى ، غۇلجا شەھرىدىكى چوڭ شىپاخانىنىڭ يېتەكچى ۋىراچى ( 1945 — 1948) ھەممىگە تونۇلغان ھاكىم جاپپار 1976 — يىلى كۈزدە تاشكەنتكە مېڭىش ئالدىدا ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى

— موللا ئاسىم ، ساڭا بىر

ئېيتىشنى قارار قىلدىم . بىلسەن

يەرگە بېرىپ قالدى . ساغلىقىممۇ جايىدا ئەمەس . تەسادىپلار بىلەنمۇ ، ياكى بەندىلىك قىلىپمۇ بۇ مەخپىيەتلىك مەن بىلەن كېتىپ قالمىسۇن . ئەگەر كېتىپ قالسا روھىم تىنىچ بولمايدۇ . ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ ، ئىچىمنى بىر بوشىتىۋالاي . ئىچىمدىن شۇنچىلىك كۆيۈپ كۆل بولغىنىمۇ يېتەر .....

1949 — يىلى 24 — ئاۋغۇست كۈنى ئەتىگەندە ئۆيۈمگە ( غۇلجا شەھىرى ئا . ب ) پولكوۋنىك دەرىجىلىك بىر ئورۇس ( ھەربىي ۋە پۇخراچە كىيىنگەن ) كىرىپ كەلدى . سالاملاشقاندىن كېيىن تەكەللۇپ بىلەن : « سىزنى ئالماتاغا چاقىرىۋاتىدۇ ، ماشىنا تەييار » دېدى . ئورۇس پولكوۋنىكنىڭ تۇرقى — ھالى بەكمۇ جىددىي بولۇپ ، كېيىنىشىدىن ئۇنىڭ رازۋېت خادىمى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . بىز ھەربىيلەرنىڭ كىچىك ۋىللىس ماشىنىسىدا ئالماتا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق . بەش سائەتكە سوزۇلغان سەپىرىمىز جەريانىدا تۇرمۇشتىكى ئاددىي ۋەقەلەر ماۋزۇسىدا قىسقا سۆھبەتلەر بولغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ، مېنى كىم ، نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن چاقىرغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئىشارەت بولغىنى يوق ئىدى . ئەمما بەرىبىر ئېنكۋىدى ( دۆلەت خەۋپسىزلىك مەھكىمىسى ئا . ب ) چاقىرغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى . ماڭا ياخشى تونۇش ئېنكۋىدى مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرگىنىمدە ، غېنى كېرىموۋقا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ ياش بىر يىگىتكە نېمىلەرنىدۇ تاپىلاۋاتقاندەك كۆرۈندى . ماشىنىدىن چۈشۈپلا غېنى كېرىموۋدىن : « ئەپەندىم كەلدىمۇ ؟ » دەپ سورىدۇم . ئۇ : « ھە ، ئەپەندىم شۇ يەردە . » دەپ قىسقىچىلا جاۋاپ بەردى ۋە مەن بىلەن سەممىي كۆرۈشتى . خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم .

ئىچكىرىگە ، ھەشەمەتلىك ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە كۆتۈرۈلىدىكەنمەن . رەھبەرلىك ئىشخانىسىدا ئەھمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبەگ ۋە دەللىقانلارغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇلار ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشىپتۇ . سول تەرىپىدە ئىككى ناتونۇش پۇخراچە كىيىنگەن كىشىلەر ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر خىتاي كىشى ( ئۇنى ھېچ كۆرمىگەنمەن ) ، ئىشىكتىن كىرگەن ئوڭ تەرەپتە بولسا ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ ئورۇن ئاپتۇ . مەن سەممىي سالام بىلەن ئۇلارنىڭ ھال — ئەھۋالىنى سوراۋاتقىنىمدا غېنى كېرىموۋ كىچىك بىر پوپكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى . مەن غۇلجىدىكى تونۇش — بىلىشلەر ، بولۇپمۇ ماڭا كۆپ رەھمەتلىك كۆرسەتكەن غېنى باتۇرنىڭ ساغلىقىنى ( ئۇ 1945 — يىلى ئارشاڭدا يارىدار بولغان ئىدى ) سوراۋاتقىنىمدا ، يۇقىرىدا ئولتۇرغان ئورۇس باشلىق سۆزۈمنىڭ بىلگە تەپتى ۋە :

— يولداش ھاكىم جاپپارېۋىچ ، — خىتاپ قىلدى ماڭا تىكىلىپ جىددىي قىياپەتتە ، — غۇلجىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى سىز ياخشى تونۇيسىز . بىز بىر قانچە مەسىلە بويىچە سۆھبەتلەشمەكچىمىز . سىز خالىسانە خىزمەت — تەرجىمانلىق قىلىپ بەرسىڭىز خۇرسەنت بولار ئىدۇق .

— بىجانىدىل ، — جاۋاپ بەردىم مەن .

مەن موسكۋادىن كېچىلا ئۇچۇپ كەلدىم . ئىسمىم .... پامىلەم .... ( ئېسىمدىن چىقىپتۇ ) . يېڭى خىتاي رەھبەرلىكى بىلەن كېلىشىمگە ئاساسەن بۇ ۋەكىللەر پېكىنگە ( بېيجىڭغا ) بېرىپ 1 — نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىشى كېرەك . بۇ كېڭەشنىڭ كۈن تەرتىۋىگە قويۇلىدىغان مەسىلىلەر ۋە شۇ مەسىلىلەرگە بىزنىڭ

مۇناسىۋىتىمىز قانداق بولىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلىشىۋېلىشىمىز كېرەك . مەن ئۇلۇق داھىمىز يولداش ستالىننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بېجىرىش ۋەكالىتىگە ئىگىمەن . شۇ نەرسە بىزگە مەلۇمكى ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە خىتاي چېگرىسىنىڭ بىر پۈتۈنلىگى ئاساسىي مەسىلە بولىدۇ . ۋەكىللىرىمىز بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ، مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىشى ۋە نىھايەت موسكۋانىڭ پوزىتسىيىسىنى ئاساسىي دەستۇر قىلىشى شەرت ۋە لازىم .

مەن بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ – بىر تەرجىمە قىلىپ بەردىم . ئەھمەتجان قاسىمى ۋە غېنى كېرىموۋلار تەرجىمىگە ئېھتىياج سەزمىگەن ھالدا دىققەت – ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىلەرنى خاتىرلەپ ئولتۇراتتى . ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مېنىڭ تەرجىمەمنى خىتاي كىشىگە خىتاي تىلىدا يەتكۈزەتتى .

– قېنى ، يولداش ئەھمەتجان قاسىموۋ ، – سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موسكۋادىن كەلگەن ۋاكالەتلىك رەھبەر ، – ئېيتىڭچۇ ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە « شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى » دىگەن گەپ ئوتتۇرىغا قويۇلسا ، قانداق ئىپادە بىلدۈرىسىز ؟

ئەھمەتجان قاسىمى ھۆر ، مۇستەقىل ، ئۇيغۇرىستاننىڭ غەلبىكار دەۋاگىرى سۈپىتىدە ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئېنىق ، ئۇچۇق ئىزھار قىلدى :

– ئۇيغۇرىستانغا مۇستەقىل ، ئۆز – ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىشى ، بۇ ھوقۇقنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئېتىراپ قىلىشى شەرت .

رەھبەرگە ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ماقۇل چۈشمىگەنلىكىنى ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ، قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ ئورنىدىن بىلگىلى بولاتتى . ئۇ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان ھالدا سۆز باشلىدى :

– ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا گېتلېر پاشىزىمىنى يەنچىپ تاشلىدۇق . ئەينى ۋاقىتتا خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋە بىزگە جىددىي خەۋپ تۇغدۇرغان ياپون مىللىتارىزىمىنى تەسلىم قىلدۇق . يېڭى خىتاينىڭ ئازاتلىقى ۋە بىر پۈتۈنلىكى ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەڭ زۆرۈر تەلىۋىدۇر . خىتايمۇ خەلق جۇمھۇرىيىتى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنىشى ، دۆلەت بايرىقى ۋە گېربىنىڭ نامايىش قىلىنىشى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر . تارىختا : « شىنجاڭ غەربىي ئۆلكە ، خىتاينىڭ غەربىي ئۆلكىسى » دەپ قەيت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ بولمايدۇ . بىز : « شىنجاڭ – خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى » دەپ ھېساپلايمىز . بۇ ئۆلكىدە گومىنداڭ ئىستىبدادى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، مەھەللىي خەلقلەرنى تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېزىپ ، خورلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىنقىلاپ پارتىلىدى . بۇ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا ئاساسىي ياردەمنى بىز كۆرسەتتۇق . بىز قۇرال – ياراق بەرمىسەك ، ھەربىي يۆنۈلۈشلەرگە رەھبەرلىك قىلمىساق ، ھەربىي قىسىملارنى ، سىياسىي رەھبەرلەرنى ياردەم قىلدۇرمىساق بۇ ئىنقىلاپ غەلبە قىلمايتتى . شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئازات بولدى . 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى . .... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ ياردىمىمىز ، مەدىتىمىز ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ . قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار نىمىنى تەلەپ قىلىشقان بولسا ، بىز شۇ تەلەپلەرنى تولۇغى بىلەن ھەل قىلدۇق . ... كۆپ قان تۆكۈلدى . شۇنداق ئىكەن ، « شىنجاڭ – خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى » دىگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلسا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھېچ قانداق پايدا بەرمەيدۇ . يېڭى

خىتاي ـــ شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ بەختىيار كېلەچىگى، ئۇچۇن يول كۆرسەتكۈچى بولغۇسىدۇر .

مەن بۇ سۆزلەرنى جۈملىمۇ ـ جۈملە ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم .

موسكىۋا رەھبىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى يۇخراچە كېيىنگەن قازاق رەھبەر :

ـ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىنى ئەمىن ئەتكەن سوۋېيت خەلقى ـ تىنچ ، ئىجادىي ھاياتقا ـــ دۆلەتنى قايتىدىن قۇرۇشقا ئۆتتى . خىتاي ئازاتلىق ئۇرۇشىمۇ ئۇزاق داۋام قىلىپ ئاخىر غالىبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى . گومىنداڭ ۋە گوگىسەنداڭ تەرەپتىن مىليونلىغان كىشىلەر قۇربان بولدى . ئەھدىلىكتە خىتايدا خەلق دېموگراتىك ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ، ئەركىن نەپەس ئېلىش دەۋرى باشلاندى . خىتاي خەلق دېموگراتىك ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك . يەنى ، « شىنجاڭ ـ خىتاينىڭ ئايرىلماس غەربىي ئۆلكىسى » دىگەن تۇيغۇنى ئاڭغا سىڭدۇرۇپ ، دوستلۇق ، قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش زۆرۈر . خىتاي ـ ئۇلۇغ مىللەت ، شۇنداقلا ئاكا مىللەتتۇر .

قازاق رەھبەرنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن ئەھمەتجان قاسىمى ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ تارىخىي تەغدىرى ئۈستىدە قاتتىق ئېچىنىش بىلەن ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى ، مەدەنىيىتى ، تىل ـ يېزىقى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئىككى ئەسىردىن بۇيان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، تەقىپ ئىتىلگەنلىگى ، مەھەللىي خەلقىنىڭ ئېتىقادى بوغۇپ تاشلانغانلىقى ھەققىدە پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ كەتتى . ئەھمەتجان قاسىمى تەرىپ ئەتكەن مۇدھىش ۋەقەلەرنىڭ قەلبلەرنى ئۆرتىگەنلىگى ، دۆلەت بايلىقىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى ، بىگۇناھ دىللارغا تىغ سانجىلغانلىقى : رەھىمسىز ، شەپقەتسىز لەنتى شەيتان قىياپىتىدىكى باسقۇنچىلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى « شىنجاڭ » ( يېڭى تېپىلغان يەر ، يېڭى ئۆلكە ) دەپ ئاتىغانلىقى ۋە ئاقىۋەت مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قانۇنلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە قايناپ ـ تېشىپ سۆزلەپ كەتتى . ئەھمەتجان قاسىمنىڭ ئىزتىراپقا تولغان قەلبىدە ئۆتكەنكى شەخسلەرگە نېسىپ بولمىغان ئېتىقات ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن مەردانە كۈرەش قىلىش غايە يۈكسەكلىگى مۇستەھكەم ئىدى . بۇ يۈكسەكلىككە زامانىنى توغرا باھالاش ، كەلگۈسىگە ئۈمىتۋارلىق بىلەن تولغان جۈرئەت ـ جاسارەت قوشۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىدى .

ـ مۇستەبىتلىكنىڭ ئىجتىمائىيلاشقانلىقى ، ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەھمەتجان قاسىمى ، ـ ئىنسانىنىڭ ـ پىكىر ـ زىكرىنى ، ئىدا ـ تۇيغۇلىرىنى بوغۇشتىن ، ئېتىقادىنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشتىن ، تىلىنى ئىستىمالدىن چىقىرىشتىن ، ئەركىنى بوغۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئەشەددى قانخورلۇقتا كۆرۈلدى . ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ ئەسىرى ، سىياسىي رىقابىتى ھەربىي توقۇنۇشنى تەقەززا قىلدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە پارتلىدى . لېكىن ئىنقىلاپنىڭ تېزگىنىنى خەلقنىڭ قولىدىن باشقىلار تارتىپ ئالدى .

ـ سىز « شىنجاڭ » ئاتالمىسىنى ئىستىمالغا كىرگۈزگەن ئىدىڭىزغۇ ؟ ـ كەسكىن سوئال بىلەن ئەھمەتجان ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى موسكىۋا رەھبىرى ، ـ « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نى سىز قۇرغان ئىدىڭىزغۇ ؟

ـــ ھە ، مەن غۇلجىدىكى سوۋېيت پاسونېسترا باشلىقى دوباشىنىڭ قەتئىي تەلىۋى ۋە

بۇيرۇغى بىلەن شۇنداق نام قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانمەن . ئەگەر بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمىسەم ھاياتىم خەۋپ ئاستىدا قالاتتى . بۇنى مەن چۈشىنىپ يەتكەنمەن . « شىنجاڭ » بولسا بولسۇن ، لېكىن ۋەتىنىمنىڭ ئازاتلىقى يولىدىكى غايىۋى نىيەتلىرىم بەربات بولمىسۇن ، دىگەن مەقسەتتە « ئىتتىپاق » نى تەشكىل قىلدىم . شەكىلدە ئەمەس ئاساسىي مەزمۇندا چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتىم .

شۇ دەقىقىدە گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەگ مونونوۋ قايناپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى :

— ئۇيغۇرىستاننىڭ بارلىق يۇقىرىسى غايە ، پىكىر ۋە قاراشلىرى جەھەتتىن ئۆز — ئارا بىرلەشكەن ئەنە شۇ « ئىتتىپاق » قا ئۇيۇشقان سولداتلاردۇر . كەلگۈسىدە « ئىتتىپاق » — خەلق ئازاتلىق پارتىيىسىگە ئايلانغۇسىدۇر . شۇ چاغدا مىلىتارىست قوماندان زوزۇڭتاڭ چىرايلىق نام سۈپىتىدە قوللىنىشقا خۇشتار بولغان « شىنجاڭ » دىگەن نام ئۆز — ئۆزىدىن تارىختىن ئۆچىدۇ .

— بەس ! — دىدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ ، — سەپسەتىۋازلىقنى يىغىشتۇرۇڭلار ! شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلاپنى بىز باشلاپ بەرگەنمىز . ئۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ بىز چىقىرىمىز . بىزنىڭ پىكرىمىزگە قارشى چىقىش — يوقۇلۇش دىمەكتۇر . سىز ئەھمەتجان قاسىموۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى كۆرگەن ، موسكۋادا مەخسۇس كۇرسىنى تاماملىغان ، ئۇلۇغۋار مەخسەتلەرگە خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ قەسەم ئىچكەنلىكىڭىزنى ئەستىن چىقىرىۋاتىسىز . ھازىرقى ۋەزىيەت سىز ئۈچۈن ھەققى ئىمتىھان — سىناقتۇر .

— ئىنسان قېتىپ قالىدىغان ، بىر مۇقامدا ئىش كۆرىدىغان ماشىنا ئەمەس ، — قەتئىي ، دادىل جاۋاپ بەردى ئەھمەتجان قاسىمى ؛ — سوۋېت تەربىيىسىنى كۆرگەنلىكىم راست . سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى جەزىم ئەتكىنىممۇ راست . بۇنى ھاياتىم تارىخىدىن ئۆچۈرەلمەيمەن . رۇشەنكى ، ئۇ چاغدا خاراپ بولغان مەملىكەت ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۆككەن ئىدى . پۈتۈن ئەتراپنى قورقۇتۇش ، ئىزتىراپ ، تەشۋىش ؛ ئۈمىتسىزلىك چولغاپ ئالغان ئىدى . ئەمەلدارلاردىن قورقۇش ، جاسۇس — جاللاتلاردىن قورقۇش ، ھاكىمىيەت ۋە تۈزۈمدىن قورقۇش ، چەتئەل ئادەملىرىدىن قورقۇش دەھشەت سالاتتى . ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر ، قەددىدىكى قۇدرەت ، تىلىدىكى ئەركىنلىك ، دىلىدىكى جۈرئەت ، ئېتىقادىدىكى ئىشەنچ سۆنگان ئىدى . مەملىكەت خەلقى خۇدادىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەس ئىدى . مەن ئۇيغۇرىستانغا قەدەم قويغىنىمدا تارىختا ھېچ كۆرۈلمىگەن پاجىئەلەرگە گۇۋاھ بولدۇم .گۆرۈم — گۆرۈم قاماش ، قاتىللىق ، سۈرگۈن ئەۋج ئالغان ئىدى . قەلبىم ئۆرتەندى ، غەزەپ — نەپرىتىم قايناپ — تاشتى . خەلققە پەقەت ئازاتلىق ، ئىستىقلالىيەت كېرەك ئىدىكى ، بۇ ئۈچۈن جاننى ئالقانغا ئېلىپ مەردانە كۆرەش قىلىشتىن باشقا ھېچ بىر يول يوق ئىدى . شۇنداق كۆرەش — مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ ئىلقا رايونىدا پارتىلىدى . گومىنداڭچىلار كۆپ قۇراللىق كۈچكە ئىگە بولسىمۇ خەلقنىڭ غەزىۋىگە قارشى تۇرالمىدى . مانا شۇ ئىنقىلاپ مىنى تەربىيىلىدى ، ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . 1947 — يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ يېزا — قىشلاق ، شەھەر — ۋىلايەتلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم . خەلقنىڭ قەلبىگە قۇلاق سالدىم . ئۇلار چەككەن پاجىئەلىك زۇلۇم مىنىڭ ئۇتتۇمۇشتىكى ئېتىقادىمنىمۇ ، چۈشەنچەمنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىپ

تاشلىدى ، ئۇيغۇرىستاننىڭ پەرزەنتى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئاياتقا پۈتۈنلەي باشقىچە چۈشەنچە بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولدۇم . ئەمدى بۇ يېڭى چۈشەنچە ۋە غايىدىن قايتىش — مۇمكىنسىزدۇر . بۇ ئۈچۈن ئۇلۇغ گىرۇزىن شائىرى تاراس شېۋچېنكونىڭ : « كىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا مۇھەببىتى بولمىسا ، ئۇنىڭ قەلبى سېسىپ ، سېسىپتىنمۇ قاشقاتتۇر » دىگىنىنى ئەسلەش جائىزدۇر .

— بەس ! — دەپ ۋاقىرىدى موسكۋا رەھبىرى . — ئىسھاقبەگ ، سىلەر بىلەن ئالاھىدە سۆزلەشتىمىز . تېخى بىز گېنىرال مايور يولداش دەپ ئاتالغان ئېيتىڭچۇ ، « شىنجاڭ — خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى » دىگەن مەسلە قويۇلغا ، قانداق پىكىردە بولىسىز ؟

— مەن ئەھمەتجان قاسىمنى قوللايمەن . بىزنىڭ غايىۋى نىيەتلىرىمىز بىر ۋە ئۆزگەرمەستۇر

— ھىم . — كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندەك بولدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ . — ھەممىڭلار بىر قازاندا قاينىغان ئىكەنسىزلەر ، — دە ؟ قېنى كۆرىمىز .

يولداش ئاباسوۋ سىز نىمە دەيسىز ؟

— يېڭى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىر پۈتۈن دۆلەتنى دېموگراتىك ئاساستا قايتا قۇرىدىكەن ، شىنجاڭ — خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان ھالدا مۇختارىيەت ئەمىن ئېتىلسە ئەينى مۇددىئا بولاتتى .

ئاباسوۋنىڭ جاۋابىدىن موسكۋا رەھبىرىنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى .

— سىز يولداش لوجىز پىكىرىڭىزنى بايان قىلىسىز ؟

مەن يولداش ئاباسوۋنى قۇۋۋەتلەيمەن . شىنجاڭدىكى خىتاي كومۇنىستلار پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى مەقسىدىمۇ شۇ .

— ماقۇل پىكىر ، — دەدى موسكۋا رەھبىرى ، ئەھمەتجان قاسىمنىڭ يېنىدا نىمىندۇر بىر نەرسىلەرنى پوپىكىدىن ئېلىۋاتقان غېنى كېرىموپقا كۆزى چۈشۈپ ، تەكەببۇرانە :

— سىزنىڭ پىكىرىڭىز نىمە ، بىلەيلىچۇ ؟ — دىدى .

بۇ پاك پەزىلەتلىك ، كەمسۆز يىگىتنىڭ نامىنى موسكۋا رەھبىرى تىلغا ئالماستىن كۆزىگە ئىلىپ تۇرىۋالدى . تولىمۇ شىلىق غېنى كېرىموۋ سالماقلىق بىلەن دانە — دانە سۆزلەپ جاۋاپ بەردى :

— ئۇيغۇرىستان ، — ئىنسانلارنىڭ ئېقىل بۆلىغى كۆز ئاچقان ، بۈيۈك ئەللامىلار ، مۇتەپەككۇرلار ، دانىشمەنلەر ، شائىر — يازغۇچىلار ، كاتىپ — باخشىلار ، سەنئەتكارلار شان — شۆھرەت تاپقان ئەۋلىيالار مەملىكىتىدۇر . دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۇنىڭ ئورنى ئالاھىدە زور . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى ساخلاپ قېلىشى ، ئۆزىگە — ئۆزى ھاكىم بولۇشى كېرەك . چەتكە بېقىنىپ ياشاش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس . ئىجتىمائىي ئاڭ ئويغاندى . ئازات بولۇشى كېرەك . مەن ھۆرمەتلىك ئەھمەتجان قاسىمنى قوللاپ — قۇۋۋەتلەيمەن .

موسكۋا رەھبىرى ، « بۇ شۇمتەكنى ئەھمەتجان قاسىمى بىكارغا ئەگەشتۈرۈپ يۈرمىگەن ئىكەن ، — دە ؟ » دىگەن خىيالغا كىلىپ قالدى . ۋەقەنىڭ بېرىشىدىن بىر خۇلاسىغا كەلگەن رەھبەر ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋدىن پىكىر سوراشنى خالىمىدى . ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئەھمەتجان قاسىمنى ( شۇ قاتاردا ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقانىمۇ ) ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ راۋاجىدىن ئارقىدا قالغان ، ئۇزاق كەلگۈسىگە قاراپ توغرا خۇلاسە چىقىرالمايدىغان كالتە پەم

شەخسلەر سۆيپىتىدە ئەيىپلەشكە ، ھەتتا ھاقارەتلەشكە ئۆتتى :

– ئاش بەرگەن قازانغا تۈكۈرمەسلىك كېرەك ، سوۋېيىت ئىتتىپاقى جاھاندا بىرىنچى سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت . پۈتكۈل دۇنيا پرولېتارىئاتلىرىنىڭ داھىلىرى لېنىن ، ستالىن جاھان خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ يول باشچىلىرىدۇر . ئۇلۇغ داھىمىز ستالىن دەۋرىمىزنىڭ لېنىنىدۇر . ئۇ چەمەس قۇياشىمىزدۇر . بىز بۇ قۇياشىمىزنىڭ پارلاق نۇرىدىن بەھىر ئېلىپ پارلاق كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىدۇق . خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ستالىن ئۇياشىدىن بەھرىمەندۇر . ئۇنىڭ مېھرى – مۇھەببىتىگە ، يولباشچىلىقىغا مۇھتاجدۇر . سىلەر كىم سىلەر ؟ ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ قۇرۇق سەپسەتىلىرىگە ئۇسسۇل ئوينىغانلار سوۋېيىت ھۆكۈمىتىنىڭ ، ئۇلۇغ داھىمىز ستالىننىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىلەر . بۇ گۇناھنى بىز ھېچ قاچان كەچۈرەلمەيمىز . شىنجاڭ خەلقى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرى يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەن ئېلىپ ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بەختىيار ياشىشى ، ئۆز بەختىنى تېپىشى كېرەك . بۈيۈك خىتايسىز بەختىيار كېلەچەك بولمايدۇ . سوۋېيىت – خىتاي دوستلىقى مانا شۇ مەخسەتلەر ئاساسىدا تىكلەنگەن .

موسكۋا رەھبىرىنىڭ سۆزى تۈگە – تۈگمەيلا ئەھمەتجان قاسىمى سۆزلەپ كەتتى :

– ئۇيغۇرىستاننىڭ جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنىنى ساخلاپ قېلىش ، مۇستەقىل تەرەققى قىلىشنى تەمىنلەش ، شانۇ – شۆھرىتىنى تىكلەش ئاساسىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش بىزنىڭ ئەينى مۇددىئامىزدۇر . بۈيۈك خىتايسىز بەختىيار كېلەچەك بولمايدۇ ياكى ئۇيغۇرىستان خىتايسىز نەپەس ئالالمايدۇ ، دېيىش لېنىنىزىمگە زىت قاراشتۇر . لېنىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىغۇ ؟

موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ ئۈستەلنى ئۇرۇشقا باشلىدى :

– بۈيۈك داھىمىز ۋ . ئى لېنىن ، شەرقتە بۈيۈك خىتاي بىلەن دوست بولماي تۇرۇپ جاھان سوتسىيالىزىمنى قۇرۇپ بولمايدۇ ، دېگەن . سەنلەر لېنىنىزىمنى چالا – بۇلا ئۆگىنىۋېلىپلا چۈقان كۆتۈرىشىسەن . لېنىنىزىم – رېئالىزىم ، دىمەكتۇر . ۋەقەلىك بىلەن ھېساپلاشماسلىق – لېنىنىزىمغا مۇتلاقا زىت بولغان مەپكۇرىدۇر . گەپ تامام .

موسكۋا رەھبىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق – بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە موسكۋانىڭ سۆزىدىن چىقماسلىققا ، موسكۋا بىلەن نەپەس ئېلىشقا دەۋەت قىلدى . دەۋەت قىلدىلا ئەمەس ، مەجبۇرلىدى . ئەتتىگەن سائەت 10 دا باشلانغان سۆھبەت كەچ سائەت 22 گىچە قانتىق كايىشلار ، سۆكۈشلەر ، دوق قىلىشلار ، قورقۇتۇشلار بىلەن داۋام قىلدى . ئەمما ئەھمەتجان قاسىمى ئۆز پىكرىدىن ، غايىسىدىن قايتمىدى . كەسكىن مۇنازىرىلەر ، تالاش – تارتىشلار ، ھوقۇق ئىشلىتىشلەر ، كەمسىتىشلەر ئەھمەتجان قاسىمنى ئۆزگەرتەلمىدى . بۇ غەيرى قانۇنىي سوراقتا ئەھمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبەگ ، دەلىلقان ، غېنى كېرىموۋ ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ ( ئۇ پىكىر قىلمىغان بولسىمۇ لوقما تاشلاپ تۇرغان ئىدى ) لارنىڭ پەلسەپىۋي قاراشلىرى — ئۇيغۇرىستان خەلقلىرى ئۆز ئەركىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ، مۇستەقىل مەملىكەتكە ئۆزى ھاكىم بولۇش شەرت ۋە قانۇنىيدۇر ، دېگەندىن ئىبارەت بولدى . ئۇلار ئۆز تەقدىرلىرىگە قانچىلىك مالامەت ، قانچىلىك ھاقارەت ۋە قانچىلىك قىناقلار بولۇشىدىن قىلچىمۇ چۆچۈپ كەتمىدى ، دادىل تۇرۇشتى .

مەن ( ھاكىم جاپپار — ئا . ب ) ئىسپىتىمالىق ۋەزىپەمنى بېجىردىم . ئۆز ناھىيەمدىن بىرەر پىكىر ، بىرەر ئېغىز تونۇشۇمچە سۆز — ئىبارە قوشمىدۇم . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سوئال — جاۋابلىرىنى ئەينەن بايان قىلدىم . ئاقىۋەت سۆھبەت بىر خۇلاسىگە كېلەلمەي توختىدى . ئەتە — ئۆگۈن نېمە بولىشىنى بىلمىدىم . مېنىڭ فرونزىغا قايتىشىمغا ئىجازەت بېرىلىشتى . ئېيتىش كېرەككى ، بۇ سۆھبەتنىڭ مۇتلەقا مەخپىيلىكى ، ھەر قانداق ئاخباراتتا ئاشكارا قىلىنماسلىقى ، ئەگەر بىرەر ئىشىمنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا بېشىم كېتىدىغانلىقى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلۇپ تىل خەت ئېلىشتى . مېنى يەنە شۇ پولكوۋنىك فرونزىغا ئېلىپ قايتىدىكەن . 290 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى قىزىل قىيامەت بىلەن باستىم . «قەيەردە مېنى ئېتىپ تاشلايدىكىن !» دېگەن مۇدھىش ئوي بىلەن مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ نەپەس ئالدىم . مانا شۇ «ئۆھ» 27 يىلدۇركى ، يۈرۈگۈمدە پىنھانە ھالدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ . ھېچ كىمگە تىنمىدىم . ئەمما ئۆزەمدىن ئۆزەم يېنىپ ، كۆيۈپ كۆل بولۇپ «ئۆھ» تارتىپ كېلىۋاتىمەن . ئەندى چىدالمىدىم ، تۈگىدى . سەن مېنى توغرا چۈشەنگىن ، — دە ، مەن بەندىلىك قىلىپ قالسام ، ئەڭ بولمىغاندا قەبرىمگە بېرىپ بۇ دەھشەتلەرنى ئاشكارا قىلساڭ ، روھىم تىنچ بولىدۇ . باشقا ئىلاج يوق . مەن ساڭا ئىشىنىمەن .

X X X

ھاكىم جاپپار 10 يىلدۇركى ئېغىر كېسەل . بۇ كېسەللىك ئۇنىڭ قەددىنى پۈكتى ؛ تىلىنى كەمتۈكلىدى . لېكىن ئۇ بۇ ناھايىتى پىنھان تۇتۇلغان قانخورلۇقنى تالانتلىق شائىر ۋە ژۇرنالىست ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقوۋغا ( ئۇ خىزمەت بىلەن فرونزىغا بارغىنىدا ) ئازدۇر — كۆپتۇر سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم . 1990 — يىلى كۈزدە ھاشىر ۋاھىدى ھاكىم جاپپارنى سوراغلاپ بارغىنىدا بۇ قانلىق پاجىئەنى مادارى يېتىشىچە سۆزلەپ بەرگەنلىكى ۋە ئىشەنچلىك گۇۋاھلار ئاساسىدا كاسېتقا يېزىپ ئالغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم . ھاشىر ۋاھىدىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئالماتادىكى سوراق سۆھبەتكە «شەرقى تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مارشال ئىلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچى بولغان مۇخسىن ئابدۇللىنمۇ قاتناشقان ئىكەن . ھاكىم جاپپار بىلەن مۇخسىن ئابدۇللىن قەدىناس دوست ؛ غايىۋى مەسلەكداش بولغانلىقى ئۈچۈن يانكى كۆتۈلمىگەن ۋەقە سادىر بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانمۇ ، ماڭا مۇخسىن ئابدۇللىن ئىشتىراكىنى ئېيتمىغان ئىدى . كېيىنكى سۈرۈشتۈرۈشلەردە ھاشىر ۋاھىدىنىڭ مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقى ، ھەتتا ئەڭ كونا رازۋېتچىك مەنسۇر ئەپەندى ( مەنسۇر رۇزىيېۋ ) مۇ قاتناشقانلىقى مەلۇم بولدى . ئەپسۇسكى ، بۇ ئىككى شەخس بۇ پىنھانە قانخورلۇقنى پاش قىلماي ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشتى .

X X X

بىز بۇ سۆھبەتنى ھەرگىزمۇ بىھۇدە قەلەمگە ئالمىدۇق . كېيىنكى دەۋردە ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىپ ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار ، خەلق ئىچىدىكى گەپ — سۆزلەر ۋە شۈبھىلەر بۇ سۆھبەتنىڭ قانلىق تېرورلۇقنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقىنى كۆرسەتتى .

ستالىنىزم — چەتئەل كىشىلىرىنىڭ مىللىي ئىدراكىغا ، ۋەتەننى سۆيۈش ئەخلاقىغا ، تارىخ ،

كېلىچەك ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ زىلىتىزىغا پالتا ئۇرىدىغان سىياسەت ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق ـ ئاشكارا ئىسپاتلاپ بەردى . ستالىنىزىمنىڭ دەھشىتى ۋە قورقۇنچى ۋىژدان ھەقىقىتىنى ئاسارەتكە ئالغان ئىدى . ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزنى ئالماتادا چاقىرتىپ ئېلىپ تەھقىرلىگەن ، ھاقارەتلىگەن ، « شىنجاڭ ـ خىتاينىڭ ئۆلكىسى » دەپ مەجبۇرلىغان رەھبەرلىكنىڭ نىمىنى مەخسەت قىلغانلىقىنى بىز ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمىز . ھايات قانۇنى شۇنداقكى ، ھەر قانداق پاجىئەنىڭ ئىپتىدائىسى ـ سەۋەبى بولىنىدەك ، ئىنتىھاسى ـ ئاقىۋىتىمۇ بولىدۇ . مەلۇمكى ، تارىخنىڭ قارىشى رۇشەن .

بۇ قانۇنىيەتلىكنىڭ يۈز بەرگىنىگە يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولسىمۇ ، بەزى ئىمانسىز رەھبەرلەر تا ھازىرغىچە بىر ئېغىز سۆز ئاچماي ئىچىدە ساخلاپ كەلدى . بەزىلىرى بولسا ساخلىغىنىچە بۇ دۇنيادىن كەتتى .

ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ ئاغزىدا « ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزنى ستالىنىنىڭ گۇماشتىلىرى ئۇرۇپ ، قىيناپ ئۆلتۈرگەنمىش » دىگەن سۆزلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ۋە مىللىي چېگارالاردىن ھالقىپ كۆچۈپ يۈردى .

1949 ـ يىلى مارت ئېيىدا غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇ . ق . ق ( ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ) كلۇبىدا سەيپىدىن ئېزىزى زىيالىلار جامائەتچىلىكىگە : « ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى » دىگەن شۇم خەۋەرنى ئېلان قىلغىنىدا پۈتۈن زىيالىلار قان يىغلاپ ماتەم تۇتتى . شائىر ئابدۇرېھىم يۈسۈپى : « يالغان ، ئۇرۇسلار ئۆلتۈرگەن . » دەپ قاتتىق ئىتىراز بىلدۈردى . بۇ

پىكىر قانچىلىغان زىيالىلار ، شائىر ۋە يازغۇچىلارنى قاتتىق شۈبھىلەندۈردى . كۆپچۈلۈك زىيالىلار ، رەھبىرى خادىملار ۋەقەنىڭ تېپ ماھىيىتىنى ئاڭلاپ يەتمىگەنلىكتىن بىرەر ئارتۇقچە سۆز قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشتى . ئۆتمۈشتىكى پاجىئەلەردىن خەۋەردار بولغان ئايرىم شەخسلەر ـ غوجانىياز ھاجى ، ئېلىخان تۆرە سوۋېت رازۋېتچىكلىرى تەرىپىدىن تەقىپ ئېتىلگەنلىكىنى ، غوجانىيازھاجىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆجۈقتۇرغانلىقىنى ، ئېلىخان تۆرىنى بىر كېچىدىلا ئوغۇرلاپ كېتىپ تاشكەنتتە نەزەربەنت قىلغانلىقىنى ئەسلەشتى . بەربىر ئايروپىلان پاجىئەسى ئەمەس ، قانداقتۇر سىرلىق قاتىللىق يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتى .

رازۋېت مەلۇماتلىرىغا ئېتىبار قىلىدىكەنمىز ، شۇ ۋاقىتلاردا ( 1948 ـ يىلى ) بايقال كۆلى ئېتىگىدە خىتايغا كىرگۈزىلىدىغان سوۋېت رازۋېت بۆلۈمى ( ئۇنىڭ رەھبىرى پولكوۋنىك م . كاگانوۋىچ ) جىددىي پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان بولۇپ ، مەلۇم سۇئىقەستلەر شۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇرىلاتتى . شۇ قاتاردا « ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق مىللىي رەھبەرلەر شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن » دىگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ دەۋرىدە كۆپلىگەن ئىلىم ـ پەن ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان ، مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى بېجىرىۋاتقان ئىدىكى ، ئۆتكۈر دىد ، زېھىن بىلەن ۋەقەلىكنى گۈزۈتىۋېشەتتى . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەھمەتجان قاسىمىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببەتلىرى چەكسىز ئىدى . ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر ـ بىر ھەرىكەتلىرىدىن ، سۆز ۋە ئىنتىلىشلىرىدىن زوقلىنىپ ، ئۇنىڭ ساغلىقى ئۈچۈن

كۆيۈنەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، يۈز بەرگەن پاجىئە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆرتەپ تاشلىدى .

ئەسلىدە ئەھمەتجان قاسىمى باش بولغان ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى رويىختىنى غۇلجىدىكى سوۋېيت پاسولستۋاسى تۈزگەن بولۇپ ، ئۇلارنى پېكىندىن — ماۋزېدۇڭدىن (؟) تېلېگراممىسا كېلىشى بىلەنلا ئالماتاغا ئېۋەتىدۇ . بۇ ۋەتەنلىكتىن ، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ، ۋە ئۇنىڭ رىياستى غايىپ قالىدۇ . ئەگەر پېكىنگە ۋەكىل ئېۋەتىش زۆرۈر ئىكەن ، ئۇنى ھۆكۈمەت رىياستى يىغىندا بامەسلىھەت سايلىشى ، ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشى ۋە قارار قوبۇل قىلىشى شەرت ۋە زۆرۈر ئىدى . ئەمما ، بۇ ئىشلار مۇتلاق ئېتىباردىن چەتتە قالىدۇ .

ئەسلىنى ئالغاندا بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىزلىق ئىدى .

ماۋزېدۇڭ نامى بىلەن ئېۋەتىلگەن ئۈچ بەتلىك تېلېگراممىنىڭ ئەسلىسى «چولپان مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلىنغانىكى ، ئۇنىڭدا ماۋزېدۇڭنىڭ قولى ياكى مۆھرى يوق . خەتتاي يېزىغىدىكى قۇرۇق يازما . تېلېگراممىنىڭ تېكىستىدە سەيپىدىنىڭ تۈۋەندىكىدەك دەستخەتتى بار :

«بۇ تەلەپكە بىنائەن ، ئەھمەتجان تۈەنجاك ، ئىسھاقبەگ ، ئاباسوۋ ، دەللقان ، لوجىزلاردىن ئىبارەت ۋەكىللەرئۈزمىگى 1949 — يىلى 8 — ئاينىڭ 22 — كۈنى سوۋېيت ئارقىلىق يولغا چىقتى . 8 — ئاينىڭ 27 — كۈنى بايقال ئۈستى تاغلىرىدا ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن قۇربان بولدى . 9 — ئاينىڭ 5 — كۈنى مەن لوجىز ، ئالىمجان ، جانلار يولغا چىقىپ ، 15 — كۈنى بېيجىنگە كەلدىم .

سەيپىدىن .»

سەيپىدىنىڭ بۇ دەستخەتتى ناھايىتى كۆپ شۈبھىلەرنى تۇغدۇرىدۇ . بىرىنچىدىن ، ئۇ ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ سوۋېيت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى ، پاجىئەگە يولۇققانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا بىلگەن . لېكىن ناھايىتى پىنھان تۇتقان . ئىككىنچىدىن ، «شەرقى تۈركىستان خەلق ھۆكۈمىتى» نىڭ قارارسىز ئۆزى باشلىق تۆرت كىشى پېكىنگە ۋەكىل بولۇپ بارغان .

ئېتىباردىن ساقىت قىلمايلىكى ، ئەھمەتجان قاسىمى نامىدىن ماۋزېدۇڭغا يېزىلغان ئۇيغۇرچە تېلېگراممىدىمۇ سەيپىدىنىڭ دەستخەتتە مونۇلار يېزىلغان :

«پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى سىياسىي كېڭەشى تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى سۆيۈملۈك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە :

ئىبەرتكەن ئالاقىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق . جانابىڭىز بىزگە قويغان مەسىلەر پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئارزۇ — تىلىگىدۇر . بىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇتۇقلىرىنى پۈتۈن جۇڭگو ، پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن ئۆلكە ئازاتلىقىنىڭ غەلىبىسى دەپ تونۇيمىز . شۇڭلاشقا بىز جانابىڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىڭىزگە چەكسىز تەشەككۈر ۋە خۇرسەنلىكىمىزنى بايان قىلىش بىلەن ئۆز ۋەكىلىمىزنى يىغىنغا ئىبەرتىشنى بىلدۈرىمىز .

ھۆرمەت بىلەن مەخسۇس رايون خەلق ۋەكىلى ئەھمەتجان قاسىمى

1949 — يىل 20 — ئاۋغۇست . غۇلجا »

بۇ تېلېگراممىدىمۇ ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ قولى ياكى مۆھرى يوق .

ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنى بىر كېچىدىلا قەيەرگىدۇ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بەزى مەسئۇل خادىملار ، خەلق مۇتىۋەرلىرى سوراغلىغاندا سەيپىدىن شۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ :

— «ئەھمەد ئەپەندىملەر ئالتايغا خىزمەت

تەكشۈرگىلى كەتتى .»

( سەيپىدىن ئەزىزى : «ئۆمۈر داستانى ، ئەسلىمە ، 2 » ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ــ يىلى ، 932 ــ بەت )

يەنە يازىدۇ :

« ئەخمەد ئەپەندىلەر ماشىنا بىلەن ئالماتاغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن ئايروپىلانغا چۈشكەن . » ( شۇ ئەسەر ، شۇ بەت )

ئويلىنىپ بېقىڭ : ــ ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ماشىنا بىلەن ئالماتاغا بارغانلىقىنى بىلگەن سەيپىدىن نېمىشكە مەسئۇل خادىملار ۋە مۆتىۋەر زاتلارغا « ئالتايغا كەتتى » دەپ يالغان سۆزلەيدۇ ، ئالدايدۇ ؟ بۇ ساختىپەزلىكنىڭ ئاستىدا ناھايىتى چوڭ خەۋپ ــــ سىر يوشۇرۇنغاندۇر .

تېلگىراممىلارغا ئىمزا قويۇلمىغانلىقى ، جاۋاپ تېلگىراممىنى سەيپىدىننىڭ يازغانلىقى ۋە تېكىستىگە دەستخەت قالدۇرغانلىقى ۋە نىھايەت ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ ئالماتاغا كەتكەنلىكىنى سىر تۇتقانلىقى قانداقتۇر مۇدھىش بىر ۋەقەنىڭ ( پاجىئەنىڭ ) ، بىر يوشۇرۇن سۇئىقەستنىڭ ناھايىتى پۇختا ئويۇشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقلىق شۈبھە تۇغدۇرىدۇ .

سەيپىدىن يازىدۇ :

« 1949 ــ يىلى 3 ــ سىنتەبىر كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسى مېنى چاقىردى . بىز موسكۋادىن بىر جىددى تېلگىرامما ئالدۇق . ئەھمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ ئەزا بايكال تېغىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھاۋا بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن ، بەختكە قارشى تاققا سوقۇلۇپ كېتىپ ، ئايروپىلاندىكى 17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىدى .» ( شۇ ئەسەر ، 422 ــ ، 423 ــ بەتلەر )

يەنە داۋام قىلىدۇ :

« مەن دىگىلىچۈنگە ( شۇ ۋاقىتلاردا ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان خىتاي ئەمەلدارى ئا . ب ) بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدۈم . ئۇ بۇ خەۋەرنى مەركەزگە ئۇختۇرماقچى بولدى . ... بۇ خەۋەرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇشنى ، ئەنسەد ئىسھاقوۋ ، سەيپۇللايېۋ ، لىسكىن ۋە نەبىجان قاتارلىق يولداشلاردىن باشقا ھېچ كىمگە ئۇختۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق .» ( شۇ ئەسەر ، 424 ــ بەت ) .

خوش ، بۇ پاجىئەنى نېمىشكە خەلق ئاممىسىدىن ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇپ ، مۇتلەق مەخپىي تۇتىدۇ ؟ سەيپىدىن دىگىلىچۈنگە ئۇچراپ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىنىڭ تېگىدە قانداق مەخسەتلەر يوشۇرۇنغان ؟ ئەنسەد ، سەيپۇللايېۋ ، لىسكىن ، نەبىجان قاتارلىق ئالتە كىشىلا بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىدە پاجىئەنىڭ بولىشىدىن ئالدىن ــ ئالا خەۋەردارلىقى چۈشۈنۈشلۈك ئەمەسمۇ ؟

سەيپىدىن داۋام قىلىدۇ :

« 9 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى لىسكىننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ .... ئايرودورۇمغا چىقتۇق . ماڭا تەرجىمان ۋە كاتىپ بولۇپ بارىدىغان دېلىن بىلەن خوجا ئەھمەد ئابدۇللايېۋنى سورۇدۇم . سۈرۈشتۈرسەم ئۇلارنى لىسكىن ھويلىسىدىكى بىر ئىسكىلاتقا ئولتۇرغۇزۇپ ... سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ . .... مەن ئاچچىغلىنىپ لىسكىنگە كايىپ ، بۇ نىمە قىلغىنىڭ دىسەم ، « بۇ قەتئىي مەخپىي » دەپ جاۋاپ بەردى . » ( شۇ ئەسەر ، 463 ــ بەت

خوش ، لىسكىننىڭ ئىككى خادىمنى سولاپ قويغانلىقىنى ، « بۇ قەتئىي مەخپىي » دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟ لىسكىن

ئەھمەتجان » ( تارىخى ئەسلىمە ) ، « چولپان مەجمۇئەسى » ( 85 – بەت ) ، 1987 – يىل ، ئۈرۈمچى )

بىز يەنە شۇنىمۇ ئوقۇغۇچىمىز دىققىتىگە ھاۋالە قىلىمىزكى ، 1950 – يىلى 16 – مارت كۈنى بىر سوۋېت ھەربى كىشىسى ئاباسوۋنىڭ ئىنىسى خەمت ئاباسوۋنىڭ ئۆيىگە كېلىپ :

« مانا بۇ سائەت ، تۆرت ئۆيۈل ئالتۇن ۋە بوۋىكىزنىڭ رەسمى ، ئاكىڭىز ئاباسوۋنىڭ يېنىدىن ئېلىندى . تاپشۇرۇپ ئالىڭىز . » دەپ بەرگەن ۋاختىدا ، سائەتنىڭ مېخى توختىغانلىغىنى ۋە بوۋىسىنىڭ رەسمى زەخىملەنگەنلىگىنى قېرىنداشلىرى ، ئۇرۇغ – تۇققانلىرى ۋە خولۇم – خوشنىلىرى كۆرگەن ۋە گۇۋاھ بولغان . سەيپىدىننىڭ يېزىچە 8600 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقان سامولىيوت تاققا ئۇرۇلۇپ ، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈل بولىدىكەن ، ئاباسوۋنىڭ تېنى پۈتۈن ، سائىتى ۋە دادىسىنىڭ رەسمى كۆيمەي ساق قالغىنىغا نانىنىڭ ئوك – تەتۈرىنى بىلمەيدىغان كىشىمۇ ئىشەنمەيدۇ .

ئەھلى – ئالەمگە مەلۇمكى ، پاكىستاننىڭ پرېزىدېنتى زىيائۇل ھەق سامولىيوتتا 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە پاجىئەگە ئۇچرىغاندا ئېكىپاژ ۋە سامولىيوتتىكى بارلىق ھەمايىچىلاردىن بىرەر پارچە سۆڭەك ، ھەتتا كىيىملىرىدىن بىرەر پۇرۇچ تېپىلمىغانلىقى ، ئەگەر بىرەر ماددى ئەشيا تېپىلسا ، ئېكسپېرتىزا ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىشقا ماتېرىيال بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقان ئىدىغۇ ؟

كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە مۇنداق ھادىسىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى . 1949 – يىلى ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر « تورىنا » پۇتبول كاماندىسى چۈشكەن سامولىيوت بىر ئىبادەتخانىغا ئۇرۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى . شۇنداقلا ، ئايروپىلاندىكى نىمىنى سىر تۇتتى ؟ لىسكىننىڭ جاۋابىدىن سەيپىدىننىڭ تېڭىرقاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى نىمە يەنە داۋام قىلىدۇ :

« مەن 1950 – يىلى ( فېۋرال ) ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بارغىنىمدا ، سوۋېت تەرەپ ئەھمەت ئەپەندىملەرنىڭ جەسەدى تېپىلغانلىقىنى ، ئالسا ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ... ئالماتاغا كېلىپ جەسەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئالدۇق . شۇ كۈنى باشقا ئايروپىلاندا غۇلجىغا ئېلىپ كېلىندى . جەسەتلەر ئەينەك يەشىكلەرگە خىمىيىلىك دورىلار بىلەن قاتۇرۇلۇپ قاچىلانغان ئىكەن . ئېچىپ كۆرسەك ، باشقىلارنىڭ تېنى پارچىلىنىپ كېتىپتۇ ، ياخشى تونۇغىلى بولمايدۇ . ئاباسوۋنىڭ تېنى پۈتۈن . ... بېشى يېرىلغان . ئاباسوۋ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كەتكەن يەردىن 20 مېتىرچە يىراقتا تاش ئۈستىدە ياتقانمىش ... ئېيتىشلىرىچە ، ئايروپىلان ، نەرسە – كېرەك ، كىيىم – كېچەك ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپتۇ . كەڭ بىر پارچە ئورمانمۇ كۆيۈپ تۈگەپتۇ . » ( شۇ نەشىر ؛ 467 – بەت )

ئويلىنىپ بېقىڭ : — ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ جەسەتلىرى ئالتە ئايدىن كېيىن ( كۆز ۋە قاش ئۆتۈپ ) تېپىلغانلىقى ، ئاباسوۋنىڭ تېنى ( جەسەدى ) نىڭ پۈتۈنلىگى ھاكۈۋاقىتىنىمۇ ئىشەندۈرەلەمدۇ ؟ « ھەممە نەرسە كۆيۈپ تۈگەپتۇ » دەيدۇ – يۇ ، ئاباسوۋنىڭ تاش ئۈستىدە پۈتۈن قېلىشى قانداق تەسادىپ ؟ ئاخىر ئايروپىلان تاققا ئۇرۇلغانىدۇ ؟ ئېنىق قىلىپ ئېيتالامچىمىزكى ، « جەسەتلەر 1950 – يىلى 15 – مارت كۈنى سوۋېت تېررىتورىيىسىدىن غۇلجا شەھرىگە ئېغىر مۇسىبەت ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئېلىپ كېلىندى » ( ئادىلجان قاسىمى ، « دادام

كىشلەرنىڭمۇ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

1958 ـ يىلى مېيۇنخېندىن كۆتۈرۈلگەن «ئېلىزابېت ـ 609» لېيىنېرى تۇرمۇشۇقى بىلەن يەرگە ئۇرۇلۇپ پارتلاپ كەتتى. ھېچ نەرسە قالمىدى.

1961 ـ يىلى چىلىنىڭ «گرىنكروسس» پۇتبول كاماندىسى چۈشكەن سامولىيوت ئاند تاغلىرىدا ھادىسىگە ئۇچرىدى، سامولىيوتمۇ، جەسەتلەرمۇ تېپىلمىدى.

1969 ـ يىلى بولىۋىيىنىڭ «سترونگېست» پۇتبول كاماندىسى چۈشكەن سامولىيوت تاقىقا ئۇرۇلۇپ پارتلاپ كەتتى. شۇندىقلا 1979 ـ يىلى ئۆزبەكىستاننىڭ «پاختىكار» پۇتبول كاماندىسى 8000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككىنچى سامولىيوتقا ئۇرۇلۇپ پاجىئە يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى سامولىيوتتىكى يولۇچىلارنىڭ جەسەتلىرىدىن بىر پارچىمۇ تېپىلمىدى.

سەيپىدىننىڭ جۆيلۈشلىرى، توغرىسى ساختىپەزلىگى يەنە تۆۋەندىكىچە داۋام قىلىدۇ:

«ئايروپىلان 4000 مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە ئۇچقۇچى كاپىتان يۈسۈپوۋ ئەھمەد ئەپەندىلەر چۈشۈپ كەتكەن يانبول پرىۋال دېگەن جايىنى كۆرسەتتى. قارىسام بىر پارچە چوڭ يەرنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىگى ۋە ئۇيەر ـ بۇ يەردە پارچە ـ پارچە قارا نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ بولىشى مۇمكىن. ... ئۇلار ياردار بولۇپ ھايات ياتقانمىدۇ؟ ـ يا؟ ... ئەنە ئەھمەد ئەپەندىم: «ساڭا ئاق يول بولسۇن، بىز ئادا قىلمىغان ۋەزىپىنى سەن ئورۇنلاپ كەل!» دېگەندەك قىلىدۇ.» (شۇ ئەسەر، 468 ـ 466 ـ بەتلەر)

بۇ سۆزگە كۈلەمسەن، كۆيەمسەن؟

سەيپىدىن ئۆزىنى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ ۋارىسى قىلىپ كۆرسەتكىنىگە «توپىدا ماي بارمۇ» دېگەن شەيتانىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بىر دانىشمەن: «يالغانچىنى يالغىنى چىققىچە قوغلاش كېرەك» دېگەن ئىكەن. قېنى ئەمدى سەيپىدىننى قوغلايلىچۇ؟!

سەيپىدىن يازىدۇ:

«مەجلىسنىڭ ئىككىنچى كۈنى (1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) جۇڭنەنخەي ماڭا بۇ مەجلىستە، ئەھمەد ئەپەندىملەرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: شىنجاڭغا بىر تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاشنى ئېيتتى. مەن يولداش جۇڭنەنخەيگە، ھازىرچە بۇ ئىشنى قىلماي تۇرساق. ئۇلارنىڭ ۋاپاتىنى بىز بارغىچە مەخپىي تۇتۇپ تۇرساق، دېدىم ۋە سەۋەبىنى ئېيتتىم. جۇڭنەنخەي قوشۇلدى» (شۇ ئەسەر، 490 ـ بەت)

بۇ مەخپىي تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ خىتاينىڭ «ئاتاغلىق رەھبىرى» نى سۆزىگە كىرگۈزگەن سەيپىدىننىڭ قۇدرىتى نېمىدە؟ ياكى غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئىش كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى باھانە قىلىدىمىكى؟ سەيپىدىنگە جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ «ئۆتۈپ كەتكەن مۇغەمبەر» دەپ باسقان تامغىسى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسىتەلەمدۇ؟ سەيپىدىننىڭ مەنىۋى غايىۋىي تايانچىسى بولغان دىڭلىچۈننىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلدىمۇ يا؟ ئەسلىدە دىڭلىچۈن سەيپىدىنگە چەكسىز ـ چېگرىسىز ئابرۇي ـ مەنسەپ ۋەدە قىلىپ بۇرۇندىن يىپ ئۆتكۈزگەنلىگىنى ئەسكە ئېلىۋاتامدۇ! ئومۇمەن، جۇڭنەنخەي بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ روھىدا دۆلەت خارەكتىرلىك سىر يوشۇرۇنغاندۇر.

خۇلاسىلاپ ئېيتساق، ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنى «ئايروپىلان ھالاكىتىگە

ئۇچۇرىغان ، دېگەن گەپ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ، ساختىپەزلىك بولۇپ ، سەيپىدىن ، دېڭلىچۈن ۋە سوۋېت كونسۇلخانىسى باشلىقى دوباشىنلار ھەمدە ئەسئەد ، سەيپۇللايېۋ ، لىسكىن ۋە نەبىجانلارنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇشتۇرغان ، ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنى ئالداش ، غۇرىبتە قالدۇرۇش مەخسىتىدە يارىتىلغان سىياسىي رەڭۋازلىقتۇر .

يالغانچىلىق ، ساختىپەزلىك ، رەڭۋازلىق قاچانلا بولمىسۇن پاش بولماي قالمايدۇ . كۆرۈنىغان بولساق ، ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ( كېڭەش 1949 – يىلى 25 – سېنتەبىردە ئېچىلىشى كېرەك ) بىر ئاي ئىلگىرى كۈن بۇرۇن ئالماتاغا يۇشۇرۇن ، – قەتئىي مەخپىي ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى – ستالىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىش ، تېز چۆكۈش ئىكەنلىگىنى ھاكىم جاپپارنىڭ سۆھبەتىدىن چۈشەنگەن ئىدۇق . ئۇلار موسكۋانىڭ – ستالىنىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن ۋە قەتئىي قارشىلىق پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقتىن سۈئىقەست ئويۇشتۇرۇلغانلىقى ، بۇنى سامولىيوت پاجىئەسى دېگەن ساختىپەزلىك بىلەن ئالدىماقچى بولغانلىقى ئۆز – ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . پاكىتلاردىن ئايانكى ، 1946 – يىلى جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىنى بىر كېچىدىلا قەتئىي مەخپىي ئوغۇرلاپ كەتكەن ئىدى . خەلق ئېلىخان تۆرەم قېنى ؟ دەپ سورىغاندا سەيپىدىن : « بۇرىتالا ئارىشىڭدا دەم ئېلىۋاتىدۇ » دەپ يالغان ئېيتقان ئىدى . ئاخىر ، ئەھمەتجان ئەپەندىم باشلىق مىللىي رەھبەرلەر چۈشكەن سامولىيوت ھادىسىگە ئۇچرىغان ئىكەن ، سوۋېت رەھبەرلىگى نېمىشكە خىتاي رەھبەرلىگىگە تەزىيە ئېلان قىلمايدۇ ؟ بىز 1949 – يىلى ئاۋغۇست ، سېنتەبىر دىكى سوۋېت

مەتبۇئاتىنى ( مەركىزى گېزىتىنى ) باشتىن – ئاخىر كۆزدىن كۆچۈردۇق . سامولىيوتتا ئۇيغۇرىستاندىن 8 كىشى ، سوۋېتتىن 10 كىشى ھالاك بولغانلىقىغا قارىتا مەتبۇئاتتا تەزىيە بىلدۈرۈش قانۇنىغا ئۇيغۇن بىر دىپلوماتىك زۆرۈرىيەت ئىدىغۇ ؟

ئېيتىش كېرەككى ، ئەگەر بۇ ناھايىتى ئۇستىلىق ۋە پۇختىلىق بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان سۈئىقەست بولمىسا ، پېكىنگە سوۋېت ئىستىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئەمەس ، ئۈرۈمچى ، شىئەن ئارقىلىق بېرىش ئوڭۇشلۇق ۋە ناھايىتى ماقۇل ئىدىغۇ ؟ جۈملىدىن ، 1946 – يىلى 11 – ئايدا نەنجىڭدە ئېچىلغان گومىنداڭ خەلق قورۇلتىيىغا ئەھمەتجان قاسىمى ، ئاباسوۋلار غۇلجا ، ئۈرۈمچى ، شىئەن بىلەن بارغانىغۇ ؟

X X X

كېيىنكى يىللاردا سەيپىدىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ ساختىلاشتۇرۇپ ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئىنكارقىلىپ ، بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى . بۇ ئەسەرلىرىدە ، ئۆزىگە يېقىن ، غايىسى بىر شەخسلەرنى ئاسمانغا كۆتۈردى ، ھەتتاكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەشكىلاتچىسى سۈپىتىدە تەرىپلىدى . « تەڭرى تاغ بۈركۈتى » ( بېيجىڭ ، 1989 ) « ئۆمۈر داستانى » ( بېيجىڭ ، 1990 ) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبىرى دەرىجىسىدە مەدھىلەندى . شۇ ئاساستا ۋەقەلىككە پۈتۈنلەي زىت پىكىر – مۇلاھىزىلىرى بىلەن خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى تەشۋىق – تەرغىپ قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ

كەتتى . نىۋەتتە بولسا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ مىگلىغان ئىشتىراكچىلىرى ۋە سەركەردىلىرى بىز بىلەن ھەمنەپەس ياشاۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمۇپ ، ئۇياتسىزلارچە ساختىنا داۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقماقتا .

ئەسلىدە « ئۆتۈپ كەتكەن مۇنەببەر » سەيپىدىنىڭ قان — قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ساختىپەزلىك ، ئاغمىچىلىق ، مۇناپىقلىق تەبىئىتى ، چوقۇنۇش ، تىز پۈكۈش يولى بىلەن 40 يىلدىن ئۇشۇق داۋام قىلدىكى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ خېلىلا « ئابروي » ، « مەنسەپ » ۋە « ئىقتىسادىي ئىمتىيازلار » غا ئىگە بولدى . يېقىندىلا ئۇ خىتاي تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە قەشقەرىيەنى ئايلىنىپ ۋايساپ كەتتى . ئۇنىڭ « ۋەتەنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى » ، « مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى » ماۋزۇسىدىكى تەشۋىق — تەرغىباتى كەڭ مەھەللىي خەلقنىڭ غەزىۋىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئۇنىڭ مۇناپىقانە پائالىيىتىگە نەپرەتلەر ياغدۇرۇلدى . ئۇ 1949 — يىلى سىنتەبىردە بىرىنچى قېتىم پېكىنگە بارغىنىدا ئومۇمى تەدبىرلەردە ، يىغىنلاردا ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ ( ئۆزىنى ئۇيغۇرىستاننىڭ بىرىنچى رەھبىرى دەپ ئاتاپ ) ، خىتاي رەھبەرلىرىگە ئەبەدىل — ئەبەت ئىتقاد قىلىدىغان قۇلغا ئايلانغان ئىدى . ئۇ ، جۇئېنلەي ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ شەخسى قوبۇلىدا بولىدىكەن ؛ ئۇلار بۇ ئىتائەتكار ، تەييار مالايىنى ئۆزلىرىگە ئەزىزۇ مۇكەررەم ھېساپلاپ ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدا تېگىشىگە ئىشەنچ بىلدۈرۈشكەن ئىدى . بۇ ئىشەنچنى سەيپىدىنىڭ ئەملىيىتى « ئاقلىدى » .

گەرچە ئۇ بارچە ھۆرمەت ، ئابرۇي ، مەنسەپ ، ھوقۇق ۋە سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ھەقىقى مەنادا تارىخقا خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ساتقىن ، مىللىي مۇناپىق بولۇپ يېزىلدى .

بۇ تارىخنى — ئۇيغۇرىستاندىكى ئىنقىلاب — ئىدرەكلىك ، پاراسەتلىك ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىدىغان ، — بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقان ۋە شۇجۇملىدىن سەيپىدىنىڭ قان — تومۇرلىرىنى ئۆرىشىدىن تولۇق چۈشىنىدىغان قەلەم ئىگىلىرى ئىلان قىلىدۇ .

X X X

بىز ئەمدى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ پەرزەنتى ئادىلجان قاسىمىنىڭ « دادام ئەھمەتجان » ماۋزۇلۇق ماقالىسى ( « چولپان » مەجمۇئەسى ، 4 - سان ، 178 — ، 186 — بەتلەر ، 1987 — يىل ئۈرۈمچى ) دىكى ئايرىم پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز .

ئادىلجان يازىدۇ :

« 1949 — يىلى 8 — ئاينىڭ 11 — كۈنى دادام ، ئىسھاقبەگ مونونوۋ ، ئابدۇكېرىم ئاbباسوۋ ، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ، لوجىز ، غېنى كېرىموۋ ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ ، ئوسمانجان ناسىرى قاتارلىق 8 نەپەر خادىم غۇلجىدىن ماشىنا بىلەن سوۋېت تېررىتورىيىسىگە ئۆتۈپ ئۇيەردە ئايروپىلان بىلەن بېيجىنغا قاراپ يولغا چىقتى . بەختكە قارشى 8 — ئاينىڭ 27 — كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىدا يۈزبەرگەن ھادىسە بىلەن قازاغا ئۇچرىدى . »

بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ئايروپىلان تاققا سوقۇلۇپ ئەمەس ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچرىغان .

جۇئېنلەي تەزىيە تېلگراممىسىدا شۇنداق دەپ يازىدۇ :

« 1949 — يىلى 9 — ئايدا بېيجىنگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى

قۇربان بولدى . »
جۇئىنلەي ، 1949 ــ يىلى 11 ــ 28 ــ كۈنى ( شۇ ژورنال ، 186 ــ بەت )

سەيپىدىن يازىدۇ :

« 1949 ــ يىلى 22 ــ ئۆكتەبىر كۈنى ماۋزېدۇڭ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتېتىغا تېلگىراممىا ئەۋەتتى » ( « ئۆمۈر داستانى » ، 459 ــ بەت )

ئوخشىماسلىقلارغا دىققەت قىلىڭ : ــــ ئابدۇلجان قاسىمى 27 ــ ئاۋغۇستتا ھادىسىگە ئۇچرىغان ، دىسە ، جۇئىنلەي 28 ــ نويابىردا ( ماۋزېدۇڭدىن بىر ئاي 6 كۈن كېيىن ) تېلگىراممىا ئەۋەتىدۇ . ئىككى « ئۇلۇغ » رەھبەرنىڭ تەزىيە تېلگىراممىسىدىكى ۋاقت پەرقى قانداقتۇر بىر سىر ، شۈبھە بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا ساختىپەزلىكنىڭ ئوپ ــ ئوچۇق ئىپادىلىنىشىدۇر .

40 يىلدۇر كى ، ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تۈرلۈك ــ تۈمەن گەپ ــ سۆزلەر پەيدا بولدى . بۇنىڭدا ، ماۋزېدۇڭ ۋە جۇئىنلەينىڭ تەزىيىلىرىدىكى جىددىي پەرقلەر ، سەيپىدىن توقۇپ چىقارغان ساختىپەزلىكلەر پاش قىلىنىپ ، « ئۇلار ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان تېرورلۇقنىڭ قۇربانى بولدى » دىگەن خۇلاسىلىق سۆز گەۋدىلىك بولدى . ھەقىقەتەن ، بۇ قاتىللىق ، چوڭ سۇئىقەست ، قەتئىي مەخپىي ھالدا پۇختا تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا ئىشلەنگەن جاللاتلىق ھەرىكىتى ، ئىنىغراقى ، ــ ستالىننىڭ خىتاي رەھبەرلىگى بىلەن كېلىشكەن ھالدا قىلىنغان قەبىھ تېرورلۇق ئىكەنلىگى ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا ، ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا تارقالدى .

ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتكەنلىگىنى يۇشۇرۇش ، قاتىللىققا « ساموليوت ھادىسىسى » دەپ ساختا پەتۋا بىرىش ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى 6 ئايلاپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ، بۇ قانلىق پاجىئەگە باغلىق مەلۇمات ــ ھۆججەتلەرنى مۇناپىقلارچە يوق قىلىش ــــ ستالىنىزىمنىڭ قاباھەتلىك سياستى ئىدى . خەلق سۆيگەن رەھبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مالامەتلەر ، قىيناقلار شۇ كۈنگىچە مەخپىي تۇتۇلىشى ، مەسىلە قانچىلىك چىگىش ۋە مۇدھىش بولمىسۇن ، ئۇنى پۈتۈن روھىيتى بىلەن ئۆگىنىش ، خۇلاسىلاش ، ئۇلارنىڭ تەۋەررۈك ناملىرىنى خەلقىگە ، ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ بىرىش ئەمدى بىزگە نېسىپ بولدى . بۇ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغان ئىكەنمىز ، ئۇنۋەتتىكى سۆھبىتىمىز بىرىنچى قەدەم ھېساپلىنىدۇ .

X X X

ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ شەخسى ھالىتى ، دۇنيا قارىشى ۋە ئېنتىلىشلىرىنى ئۆز دەۋرى مەپكۇرىسىدىن ، ماددىي زېمىنىدىن ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ تۈپ خارەكتېرىدىن ئايرىپ تۇرۇپ باھالىيالمايمىز . توغرىسى ، ئەھمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبەگ ، دەلىلقان ، ئابدۇكېرىم ، غېنى ، ئابدۇرېشىت ۋە ئوسمانجانلارنىڭ ھەممىسىنى كامالەتكە يەتكەن ، كەم ــ كۈتىسىز مۇكەممەل شەخسلەر ، دەپ ھۆكۈم چىقىرالمايمىز.

ئۇلار بىر ــ بىرىگە نىسبەتەن پەرقلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ ، ئايرىملىرى سياسىي ، نەزىرىيە جەھەتتىن تاۋلانمىغان ، دۇنيا قارىشى چەكلىك . بەزىلىرى بولسا ئۇيغۇرىستان ئىستىقلالىيىتىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ، خىتايغا چوقۇنۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ، مەۋقەسىز ، ئىرادىسىز ،

شۇنداقلا مەنسەپ ۋە ئابرۇيپەرەست شەخسلەر ئىدى .

ئەھمەتجان قاسىمى ئالى مەلۇماتلىق بولۇپ ، ئۇيغۇرلار تارىخىنى خېلىلا چوڭقۇر ئۆگەنگەن ، ئۇيۇشتۇرۇش – تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە ، پىداكار ئىنقىلاپچى ئىدى . ئۇ بۈرۈنلا جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىگە مەنزۇر بولۇپ ، شەخسىي تەرجىمان ، كېيىنچە ھەربىي بۆلۈم باشلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ۋە خەلق سۆيگەن رەھبەر بولۇپ قالغان ئىدى . لېكىن ئۇ ئالىلقاچان ستالىنچىلارغا باغلىنىپ قالغان بولغاچقا ، كېيىن ئۆلاردىن قۇتۇلۇشقا قۇربى يەتمەي ئۆز ھەلەكچىلىگىدە ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى . ئەمما ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئىستىقلالى ئۈزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا قايناپ – تېشىپ تۇراتتى .

ئىسھاقبەگ مەلۇم دائىرىدە ھەربىي تەلىم ۋە جەڭگىۋار تەجرىبىگە ئىگە قىرغىز پەرزەنتى ئىدى . ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى . ئەمما گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات ۋەھشىلىكلىرىنى ، باسقۇنچىلارنىڭ قاباھەتلىك سىياسىتىنى خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنەتتى . گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلىدىكەن ، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ سۆز – ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بېجىرىشكە مەجبۇر ئىدى . ھەربىي يۈرۈشلەرنى باشلاشتىن ئەۋۋەل ھېمىشەم رەھبىرى – يولباشچىسى دوباشىدىن دۇئا ئالاتتى . ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشىنى ئالقىشلاپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېتىقاد قىلىشقا ۋە قاتتىق ھۆرمەتلەشكە باشلىغان ئىدى .

دەلىلقان ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولۇپ ، قايتماس ئىرادىلىك ، ۋەتەنپەرۋەر ، جەسۇر شەخس ئىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا

بالىلىقىدىن تارتىپلا گومىنداڭ قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئوتى يالقۇنجاپ تۇراتتى . ئۇيغۇرىستاندىن خىتايلارنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ ، مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىسى كۈچلۈك ئىدى . گومىنداڭغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلەردە خېلىلا تەجرىبىلىك ، ئەلگە مەنزۇر ئوغلان ئىدى . ئۇ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە خىتاينىڭمۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئارىلىشىشىغا قەتئىي نارازى ، قارشى ئىدى . ئەھمەتجان قاسىمىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەھمىيەت بېرەتتى .

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خىتايچىدا ئالى مەلۇماتلىق بولۇپ ، خىتاي قىزى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان ، خىتاي تۇرمۇشىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغان شەخس ئىدى . ئۇ خىتاي رەھبەرلىكىنى قوللايتتى ، مەنسەپ ، ئابرۇي ، بايلىق ئۈچۈن تىرىشاتتى . لېكىن ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى ناھايىتى يوشۇرۇپ ، نىيىتىدىكىنى دوستلىرىدىن پىنھان تۇتاتتى . مەھەللىۋازلىق ، قېرىنداش — ئۇرۇغۋازلىق جەھەتتە بەزى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى . ئومۇمەن ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا گۇمان بىلەن قارايتتى . ئەمما ئاساسىي مۇددىئاسى خىتاي رەھبەرلىكىدە ئىش كۆرۈش ئىدى .

غېنى ، ئابدۇرېشىت ۋە ئوسمانجانلار دەۋرنىڭ يالقۇنلۇق زىيالىلىرى ، ۋەتەنپەرۋەرلىرى ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىزنىڭ جەسۇر جەڭچىلىرى ئىدى .

غېنى غۇلجىدىكى رۇس گىمنازىيىسىدە رۇس تىلىنى خېلىلا مۇكەممەل ئۆگەنگەن بولۇپ ، ئاقكۆڭۈل ، راستچىل ئىرادىلىك ياش ئىدى . ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش غايىسى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى . ئۇ ئەھمەتجاننىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن

بولۇپ ، ئەھمەتجان قاسىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى ئىدى .

ئابدۇرېشىت قەلەم ساھىبى ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەردىنى ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىزنى تەسۋىرلىگەن بىر قاتار شېئىرلىرى بىلەن شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى . ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاش ، خەلقىمىزنى كۈرەشكە دەۋەت قىلىش ، — ئابدۇرېشىت شېئىرىيىتىنىڭ غايە ۋە بەدىئىي يۆنىلىشى ئىدى .

ئوسمانجان ، — ئەھمەتجان قاسىمنىڭ جىيەنى بولۇپ ، رەھبىرىمىز ئەھمەتجان قاسىمنىڭ ئىشەنچلىك پاسبانى ئىدى .

مىڭ نادامەتلەر بولسۇنكى ، بىز تەۋسىپ ئەتكەن رەھبەرلەرنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتى تا ھازىرغىچىلىك لىللا باھالانمىدى . خىتاي ھۆكۈمرانلىقى باھالاشقا يول قويمىدى . سەيپىدىن ، ياسىن خۇدابەردى ، ماھنۇر خانىم ( ئەھمەتجان قاسىمنىڭ ئايالى ) ۋە باشقىلارنىڭ ئېلان قىلغان خاتىرە ماقالىلىرىدا ئەھمەتجان قاسىمغا بىر تەرەپلىمە ، توغرىسى ، خىتاي سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شەخس سۈپىتىدە بۇرمىلاپ ، ساختىلاشتۇرۇلغان باھالار بېرىلدى .

X X X

سۆھبىتىمىزنى ئەھمەتجان قاسىمغا بېغىشلىغان ئىكەنمىز ، كۆپرەك ئۇنىڭ پېئىل — ئېتىبارىنى ، خىسلەت — پەزىلەتلىرىنىمۇ تىلغا ئالىمىز .

مەن ئەھمەتجان قاسىمنى ئېقىل — پاراسەتلىك ، ئىنساپ — دىيانەتلىك جىددىي بىر ئىنسان سۈپىتىدە قاتتىق ھۆرمەتلەيمەن . ئۇ ھاياتقا — ئادەملەرگە ، جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىدە ۋەزمىن ، ئېغىر — بېسىق ، مۇلاھىزىلىك ، خۇش تەبىئەت ، ھالال ، سەممىي پەزىلەتلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . تامامىي ئەزالىرى ئۆزىگە ماس يارىتىلغان ئەھمەتجان قاسىمنىڭ ۋەتەن ، خەلق ئالدىدا قىلغان ئىشلىرى ۋە ئىبرەتلىك ئۆمرى ئەۋلادلىرىغا ھەرزامان نەمۇنە بولۇپ قالىدۇ . ھازىرقى ئەۋلادلار ( 1950 — يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلار ) ئەھمەتجان قاسىمنىڭ سىماسى ، قىلغان خىزمەتلىرى ، خۇلقى ، ئەدەپ — ئەخلاقى ۋە يۈرۈش — تۇرۇشى ، ئومۇمەن مەنىۋىي دۇنياسى ھەققىدە ناھايىتى ئاز بىلىدۇ ، بىلگەندىمۇ كىتابىي مەلۇماتقا ئىگىدۇر .

ئەھمەتجان قاسىمى ئوتتۇرا بويى ، جىسملىرى چىرايلىق ، ئالامەتلىك ، چىھرىسى بۇغداي رەڭ ، كۆز — قاشلىرى ( ئوڭ كۆزى سەل — پەل قىيىسىق ) تۇم قارا ، قىسقا بۇرۇتلۇق ، سىپتا ئادەم ئىدى . راست سۆزلەيدىغان ، كەمدە — كەم سۆھبەتكە قاتناشقان بولسا ، دىدارىغا ، سۆھبىتىگە ئىنتىزار بولۇپ قالىدىغان مەپتۇنكار زات ئىدى . ئۇنىڭ ھېمىشەم دىگىزدەك كۆلۈپ تۇرىدىغان ، شېئىر ، غەزەل ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ، چاقچاقلىشىشنى ، ھەزىلنى ياقتۇرىدىغان ، ئۆمرىدە بىرەر كىشىدىن شەخسىي ئۆچ ئالمايدىغان ئالىيجاناپلىقى ھەممىنى سەپكە تارتىپ ، ئەگەشتۈرەلەيتتى . ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن بىئارام بولمايدىغان ، ئوتتۇرىلارغا شادلىنىپ كەتمەيدىغان تەبىئىتى ئۇنىڭ رەھبەرلىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلاتتى .

ئەھمەتجان قاسىمى ھىلىگەر سۆزمەنلەرنى ، خائىن ، ساتقىن ئاغمىچىلارنى كۆرىدىغان كۆزى يوق ، ھەقىقەت ۋە ئادالەت يولىدا مەرت بولغانلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەدىرلەيدىغان ئاجايىپ پاساھەتلىك ، ھەقىقەتپەرۋەر رەھبەر

ئىدى .

ئۇ كادىرلارنى ئۆتكۈر زېھىن بىلەن تاللايتتى ، ئۆلىما ـ ئالىملارغا غايەت ئىززەت ـ ئېھتىرام كۆرسىتىپ سەييىدۇ ـ شەرىپلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى . قۇرئان كېرىمدىن خېلىلا پىششىق خەۋەردار ئىدى . كۆپ جايلاردا ئۆزى تىلاۋەت قىلاتتى . جۈمە نامازلىرىغا ئاددىي پۇخرا سۈپىتىدە قاتنىشاتتى . ئۇنىڭدا مال ـ دۇنيا يىغىش ، راھەت ـ پاراغەتتە ، ـ شاھانە ياشاش تۇيغۇلىرى مۇتلەق يوق ئىدى . ئۇنىڭ شەخسىي بايلىقى پەقەت ئۆزى ئىدى . ماھنۇر خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندا بىر يوتقان ـ كۆرپە ، بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك تويلۇق بولغىنىنى ھەممە كىشى بىلەتتى . ماھنۇر خانىم ناھايىتى كەمبەغەل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا بارىغا شۈكۈر قىلغان ئىدى . بىر پارچە گىلەم ، بىر پارچە كىگىز ، 3 ـ 4 يەششىك كىتاپ ، كىچىك ئائىلىگە يېتەرلىك ئېدىش ـ تاۋاق ياش ئائىلىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى ئىدى . ئەھمەتجان قاسىمى ئۆزىنى مېھنەتكەش خەلقنىڭ خىزمەتكارى ھېساپلاپ ، خەلق بىلەن ئىچ قويۇن ـ تاش قويۇن بولۇپ ياشايتتى . ئۇنىڭ ھەققىدە ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ، لەتىپىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى .

مىللىي ، مەدەنىي ، تارىخىي ، پەلسەپىۋىي ۋە دىنىي ئەقىدىلەرگە سادىق بولۇش ، دىخان ، چارۋىچى ۋە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان دەستۇرلەرنى ئىشلەپ چىقىش ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ھاياتىنىڭ مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىشلىق ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈشتە ئۇ ھېمىشەم يېتەكچى ۋە بايراقتار ئىدى .

ئەھمەتجان قاسىمى 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ ، ئۇنىڭ دەستۇرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك ، مىللەتلەرئارا دوستلۇق ئىزگۈ تۇيغۇلىرى مۇھىرلەنگەن ئىدى . ئەنئەنىۋىي قەدىرىيەتلەرنى ئۇلۇغلاش ، ئۆز ـ ئارا ھۆرمەت ، دوستلارنى قەدىرلەش ، مەرھۇملارنى خاتىرلەشتەك غايىلار بىلەن باغلىق بولغان ئۇلۇغ ؛ مۇقەددەس ۋەزىپىلەر ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ ئاساسى مەخسىدى بولغان ئىدى .

«ئىتتىپاق» بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، تىلى ، يېزىغى ، مەدەنىيىتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ، فولكلورى ، مائارىپى ، ـ ئومۇمەن شانۇ ـ شۆھرىتىنى تەرىپلەيدىغان ماقالىلارنى نەشىر قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئىجادىي پىكىرلىرىنى قوللاش ، خەلق ئىجادىنى توپلاش ، كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئېلان قىلىش يولىدا ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ چوڭ پائالىيەت كۆرسەتتى . خەلقنى ياۋۇزلۇققا ، بۇزغۇنچىلىققا قارشى كۈرەشكە ، ئۇيغۇرىستاننى جەدەل ـ ماجرالاردىن ، ئۇرۇش ـ تالاشلاردىن پۈتۈنلەي خالى ، ئەركىن باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى ، سىياسىي ئىختىلاپلارنى جىددىي كۈزىتىپ ، دېموگراتىك ئىسلاھاتلارغا ، ئىقتىسادىي ، سىياسىي ، مەنىۋىي ساھەلەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى .

ئەھمەتجان قاسىمى ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋىي پىكىر تارىخىدا ئۆزىگە خاس دەۋر ياراتقان ، ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ستەملىرىگە بەرھەم بىرىپ خەلق سۆيگەن رەھبەر سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان ئىدى .

ئۇيغۇرىستان ، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ، سىياسىي ۋە مەدەنىي يۈكسىلىشىگە ھەربىي مەسىلىلەرنىڭ قارار تېپىشىغا پۈتۈن كۈچ ، ئىستىدادىنى سەرپ قىلغان ئەھمەتجان قاسىمى

ئازاتلىق ، مۇستەقىللىق ، پاراۋانلىق تۇرمۇشىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ بەرگەنلىگى ئۈچۈن خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالدى .

تارىخنى خەلق يارىتىدۇ ، دېيىشىدۇ . بۇ توغرا . ئەمما ئايرىم شەخسلەر خەلق تارىخىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قېلىشىمۇ ھەقىقەتتۇر . ئەھمەتجان قاسىمى ئەنە شۇنداق سىمۋولدۇر . ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ نامى ئۇيغۇرلار ئىلىدە بىر پۈتۈن شانلىق ، مەرتلىك كۈرەش سەھىپىسىنى ئاچىدۇ .

تالانتلىق شائىر رەھىم قاسىم ئەھمەتجان قاسىمىغا بېغىشلىغان « يۇلتۇزلۇق كېچە » ناملىق داستاندا مۇنداق بىر ناخشىسىنى ئېيتىدۇ :

ئويلىساق نەقەدەر ئۇلۇغ ئىنسان بۇ ،
خەلقىگە مۇھەببىتى دېڭىزدەك چوڭقۇر .
نەزەر دائىرىسى ئاسماندىنمۇ كەڭ ،
پاراسەت تەدبىرى ئالماستىن ئۆتكۈر .
جۈرئىتى بۇرانغا كۆكرەك كەرگەن تاغ ،
غەيرىتى بۇلۇتنى يارغان ئوت ــ چاقماق .
سۆرئىتى ئاۋازدىن ئىشتىك ئۇچقان نۇر .
قۇدرىتى تۈنلەرنى يورۇتقان چىراغ ،
سۆزلىرى باسىدۇ تارازىنى چىڭ ،
ھەركىمنى ئۆزىگە قىلىدۇ قايىل .
سىياقى ماگنىتتەك تارتار كىشىنى ،
بىر كۆرگەن ئۇنىڭغا بولىدۇ مايىل .
ئاۋازى باھارنىڭ ئىللىق شامىلى ،
بېقىشى يېقىملىق نۇر ساچقان قۇياش ؛
كىم بولسا ھەمسۆھبەت بىر دەقىقىلا ؛
تاپقاندەك بولىدۇ ئۆمۈرلۈك سىرداش .

شائىر پەلسەپىۋىي كونسېپسىيەسىدە شەخسنىڭ ئەركىنلىگى ، جاسارىتى ، زىرىك كۆرىشى ، خەلقىنىڭ بەخت ــ سائادىتى يولىدىكى ئېقىل ــ ئىدرىكى ۋە ئۇلۇغ تەدبىر كارلىقىنى باش پىلانغا قويىدۇ . داستاننىڭ مەركىزى ئىنكاس ئوبيېكتى بولغان ئىنسان ـ ئەھمەتجان قاسىمدۇر . داستاندىكى ئىتتىك ـ ئېستىتىك ئېدىئال ـــ ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسىي ھالىتى ، ھاياتى ۋە ئىجادىي كۈرەش يولىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ ، ئۇنى خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك پەرزەندىسىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن يورۇتۇپ ، ياڭراق ناخشا بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ .

X X X

ئەھمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىز قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ، تەختتىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن سىلىققىنا ، ھېچ بىر قارار ئېلان قىلىنماي ، خىتاي رەھبەرلىگىنىڭ يولباشچىلىغىدا سەيپىدىن ئولتۇردى . قورچاق ھۆكۈمەت رەئىسى بورھان شەھىدى ئىتىرازسىز ئورۇننى بوشىتىپ بەردى . سەيپىدىن ئۇيغۇرىستانغا ماۋزېدۇڭ ئارمىيىسىنىڭ توسالغۇسىز كىرىشى ئۈچۈن ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەردى . ئۇستا ھىلىگەر ، قۇۋ تۈلكە ۋاڭ جېڭغا ھەممە ھوقۇقنى ( باش سېكرىتارلىقنى ) پەتنۇسلاپ بەرگەن سەيپىدىن ئۆلكىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەم ئىگەللىدى . گېنېرال ۋاڭ جېڭ مۇنتىزىم مىللى ئارمىيىمىزگە قارىتا كۈزىپۈس تۈزۈمىنى قوللىنىپ ، كومىسسارلىق سېستىما دىگەن نىقاپلار بىلەن پارچىلاپ تاشلىدى ۋە تارقىتىۋەتتى . مىللى ئارمىيە سەركەردىلىرى ، ئوپىتېسىرلىرىغا قارىتا كەسىپ ئالماشتۇرۇش باھانىسىنى قوللىنىپ مەمۇرى خىزمەتلەرگە تەخسىم قىلدى . ماۋزېدۇڭ ئارمىيىسىنىڭ « غەربىي ئۆلكىنى گۈللەندۈرىمىز » شوئارى ئەمەلىيەتتە ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي

باسقۇنچىلىق بولدى . ئۇيغۇرىستاننى شەپقەتسىز تالاش ، مېھنەتكەش خەلقنى ھوقۇقسىزلاندۇرۇپ مەنىۋىي ئېزىش ، ئەينى ۋاقىتتا يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرىمىزنى خىتايغا توشۇش ۋە ئاساسلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىمىزدىن نېفىت ، تاشكۆمۈر ، ئالتۇن ، مىس ، قورغۇشۇن ، ۋولفروم ۋە باشقا مەدەنلەرنى كۆپلەپ قېزىۋېلىشنى تۈپ نىشان قىلدى .

دەسلەپ «يەر ئىسلاھاتى» نى ئېلىپ بېرىپ «پومېشچىك» ، «باي دېخان» ، «زالىم يەر ئىگىسى» دېگەن تۇتقۇنالەتلەر بىلەن ئاتىنى بالىغا ، بالىنى ئاتىغا قارشى كۆرەشكە سېلىپ ، دېخانلارنى ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى ، ھەتتا زىيالىلارنى قىرغىن قىلدى . بىرلا ۋاقىتتا «پان تۈركىست» ، «پان ئىسلامىست» ، «ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر» ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» لارغا قارشى «كۆرەش» ئۇيۇشتۇرۇپ ، بىگۇنا خەلقنى ئاشكارا خورلىدى . سانسىز كىشىلەرنى ئېتىپ تاشلىدى . «ئۇچكە قارشى ھەرىكەت» ، «بەشكە قارشى ھەرىكەت» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالىدى . زىيالىلار تەھقىرلەندى ، خورلاندى ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى . بۇ ئەسەبىي كۆرەشلەر بىلەن مېھنەتكەش خەلقنى ئېتىقادىدىن ، دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ ، ئىمانسىز ياشاشقا دەۋەت قىلدى . مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىندى . «خۇراپىيگا قارشى تۇرۇش» دېگەن بەدنام شوئار ئاستىدا ، خۇراپىيلىك يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان مىڭلىغان زىيالىلارنى مەنىۋىي ئازاپلىدى .

«ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن» دېگەن ھىلە ـ نەيرەڭلىك يول بىلەن «سايراپ ئېچىلىش» قەبىھ ھەرىكىتىنى باشلاپ ، مۇناپىقلارنى تەربىيلەش يولى ئارقىلىق زىيالىلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇپ ، كۆرەشكە قويۇپ ، كۆپلىگەن مەسئۇل خادىملارنى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرىنى ، ئومۇمىي كادىرلارنى «نوكچى» ، «يەرلىك مىللەتچى» ، «ئىمپېرىيالىزىم قويرۇقى» ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» ، «بۆلگۈنچى» دېگەن قالپاقلار بىلەن ئىنسانىي ۋە ۋىجدانىي ئەركىنى بوغۇپ تاشلىدى ، تەھقىرلىدى . سود ـ سوراقسىز جىسمانىي ئازاپلار بىلەن قىينىدى ، يېزىلارغا چۈشۈرۈپ ، قاتتىق مېھنەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى ، كۆپلىرىنى نابۇت قىلدى .

ۋەقەنىڭ پاجىئەلىك رىۋاجى خىتاينىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ھاكىمىيەت تىلى ۋە يېزىقىغا ئايلاندۇردى . مەھەللىدىن تا ئۆلكە رەھبەرلىكىگىچە بولغان مەمۇرىي ، ھەربىي باشقۇرۇشلار پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇلدى . گومىنداڭچىلار ھەتتا زوزۇڭتاڭچىلار ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىپ بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ ـ تالىغان ، ئوغۇرلىغان بولسا ، گوڭسەنداڭچىلار ( ماۋزېدۇڭچىلار ) ئاڭنى زەھەرلەپ ، ۋىجداننى ، ئېتىقادنى تەئقىپلەپ ، خەلقنى تارىختىن ئۈزۈلگەن ھالغا كەلتۈردى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىۋىنى بىمالال جارى قىلدۇردى . مەھەللىي خەلقنىڭ باش كىيىمىنى خىتايچە شەپكىگە ئالماشتۇردى . كاستيۇم كەيگەنلەرنى «بورژۇئا» دەپ ھاقارەتلەپ ، 4 يانچۇقلۇق قارا چاپان كىيىشكە مەجبۇرلىدى . «ۋاھ ، دەرىخا !» ، «ئاھ ئۇرارمەن» قاتارلىق كىلاسسىك ناخشىلارنى ئېيتقانلارنى «بۇزغۇنچى» ، «بۆلگۈنچى» ، «تەتۈر تەشۋىقاتچى» ، «جاھالەتپەرەست» ، «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» ، «پانتۈركىست» دەپ جازالىدى .

قانلىق جىنايەت بىلەن تولغان شۇم «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دەۋرىدە ( 1966 ـ 1976 ) ھارامزادىلەرنى ئىشقا سېلىپ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقنى يۈرگۈزۈپ ، ئەسەبىي ھالدا تارىخ

ۋە مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى بىلەن نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئايالالارنىڭ چېچىنى، ئەركەكلەرنىڭ ساقىلىنى كېسىپ تاشلىدى.

زىيالىلارنى، كاسىپلارنى، دېھقانلارنى تىرىك پېتى يەرگە كۆمۈپ قىيىندى. مىڭلىغان زىيالىلارنى تۈرمىگە تاشلاپ، تارىختا كۆرۈلمىگەن جازالار بىلەن ئازاپلىدى ھەتتا تېرىسىنى شىلدى ۋە توپ - توپى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. مانا شۇ ھالدا ماۋزېدۇڭچىلار نىمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلدى، قانۇن - قائىدە دېگەنلەرنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىدى. مىللىي مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىپ ئومۇمىي قىرغىنچىلىقنى بولىشىچە ئېلىپ باردى. مىللىي مۇناپىقلار ماۋزېدۇڭنىڭ غايىسىنى جۇشۇنۇپ - جۇشەنمەي، ئىختىيار - بى ئىختىيار ساداقەتلىك بىلدۈرسە، ئۇ ساۋاتلىق بولسۇن بولمىسۇن مەنسەپ، ئابرۇي قازاندى، مۇكاپاتلاندى. رەئىسلىك، گېنىراللىق، ۋالىلىق، ھاكىملىق قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئۇستۇرۇلدى. خىتايلار يەككە ھاكىملىقنى (ئېپتايلۇق، ۋاڭ ئېنماۋغا چوقۇنۇشنى) جارى قىلدى. نەتىجىدە ماددىي - مەنىۋىي، تارىخىي - تەبىئىي بايلىقلار ئاشكارا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. ئالتۇن، كۈمۈش، نېفىت، ئاشلىق ۋە سانائەت خام ئەشيالىرى ئۈچۈقتىن - ئۈچۇق خىتايغا توشۇلۇۋەردى. ئازدۇر - كۆپتۇر ماددىي مەنپەئەت كۆرگەن، مەنسەپكە ئېرىشكەن مىللىي رەھبەرلەر (خىتايلارنىڭ ئورۇن باسارلىرى) بۇلاڭ - تالاڭنى كۆرمەسكە سالدى. ۋاڭ ئېنماۋ مىللىئادېر بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى مىليونېر بولدى.

باسقۇچمۇ - باسقۇچ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سىياسىي كامپانىيىلەر مىللىي زىيالىلارنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقتى، ھوقۇقسىزلاندۇردى. مىڭلىغان زىيالىلار، دېھقانلار، كاسىپلار، چارۋىچىلار ۋەتەنني تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئاۋغانىستاندىن، تۈركىيەدىن ھەتتا ئاۋستىرالىيەدىن سىياسىي پاناھلىق ئېلىشتى.

زەنجىربەند ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇلغان ئۇيغۇرىستان بۇرۇندىن ماڭقىسى ئېقىپ تۇرغان ناكەسلەرنىڭ دەردىنى بولىشىچە تارتتى. مىللىي مەدەنىيەت يىمىرىلدى. نادىر قول يازمىلار، دەستىخەتلەر، سەنئەت نەمۇنىلىرى كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىندى. يېزىلار، ناھىيىلەر خارابىغا ئايلاندۇرۇلدى، خىتايلاشتۇرۇلدى؛ خەلقنىڭ دىلى قاتتىق داغلاندى.

ئەمما، بۈگۈنكى ئۇيغۇرىستان خەلقلىرى قايسى تەرەپكە يول ئاچسا شۇ تەرەپكە ئاقىدىغان قىيان سۇ ئەمەس ئىدى. قۇلىغا يەلپۈگۈچ ئۇتۇپ «ھە، ھە» دەپ تۇرغان سەيپىدىنگە قارشى نارازىلىق ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. ۋاڭ ئېنماۋ شولگىسىنى يۇتۇپ ھۆززۈرلىنىدىغان پۇرسەتتىن چەتلەشتۈرۈلدى. جەبرى - جاپالار، ھەقسىز - ھوقۇقسىزلىقلارنىڭ دەھشىتىنى باشتىن كۆچۈرگەن خەلقنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى ئۆركەشلەپ، ۋەتەن پۇخراسى سۈپىتىدە ئەخلەت - چاۋالارنى قىرغاقتىن ھالقىتىپ تاشلايدىغان كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، لەنتى باسقۇنچىلارنى تەھلىكىگە سېلىپ قويدى. - ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئاڭنى ئويغىتىۋەتتى. جياڭ زېمىن، لى پىڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭخەنليالڭلار قانچە ۋايسىغان بولسىمۇ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاپنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن 100 تۈرلۈك خاتالىقنى تاپقان چىن خۇا، ئۇيغۇر سايرانى، شۇي بوفۇ، چيەن بوچۈەنلەر تارىخنى ساختىلاشتۇرۇشقا پۈتۈن ئىختىدارىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ھەقىقەت بەربىر ھەقىقەتلىكىچە قالدى،

، خەلق ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى .

X X X

بىز بۇ سۆھبىتىمىزدە پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈگى ھېساپلانغان ئۇيغۇرىستان تارىخىدىكى بىر قانخورلۇق توغرىسىدىكى شۈبھەلىرىمىزنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردۇق . قولىمىزدا بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ( سوراق دىلولىرى ) بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەسكىن ھۆكۈمنى بايان قىلالمىدۇق . ئەمما ئىشەنچىمىز كامىلكى ، شۈبھەمىزنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارا بولىدىغان زامان ھامان كېلىدۇ ! ئىنشا الله بۇ ماۋزۇغا يەنە قايتىمىز . ئېيتماقچىمىزكى ، قاتىللىق قۇربانلىرى ئەھمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبەگ ، دەلىلقان ، غېنى ، ئابدۇرېشىت ۋە ئوسمانجانلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىستىقلاللى يولىدىكى كۆرەشنىڭ يارقىن سىماسى سۈپىتىدە تارىخىمىزدا ئەبەدىل ـ ئەبەت ياشاپ قالىدۇ . ئۇلار چاچقان ئۇرۇغ مۆل ـ ھوسۇل بېرىدۇ .

شۇنداق !

ھەر خىل پەرەزلەر ، تەخمىنلەر ، شۈبھەلەر ئاخىرلىشىش دەۋرىگە كەلدى . ئۇيغۇرىستاننى ھېمىشەم ئويلاندۇرۇپ تەشۈشكە ، تەھلىكىگە سېلىپ ، ۋەتەنىنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىپ ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ ، ئۇيغۇلارنى دولقۇنلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ـ غارايىپ تارىخىي قانخور لۇقنىڭ سىر ـ ئەسرارى تولۇغى بىلەن پاش بولماي قالمايدۇ !!! كۈتۈلمىگەن خەتەردىن ئاگاھ بولۇش يۈزىسىدىن بۇ قانخورلۇقنى ئۆز ۋاقتىدا ئېنىقلاش ، پاش قىلىش ، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مەن ، تارىخچى ياكى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئەمەس ، ئاددىي بىر زىيالى قەلەمكەش ئورنىدا سەيپىدىننىڭ ساختىپەزلىكلىرىنى پاش قىلىش مەخسىتىدە قەلەم تەۋرەتتىم ۋە خەلقىمىز ئۆز تارىخىنى بىلسۇن ، مىللىي رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەر تاپسۇن ، سىياسىي سالاھىيتىنى چۈشەنسۇن ، دىگەن نىيەتتە پىكىر يۈرگۈزدۈم .

بىز مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ رەھبەرلىرىنى خاتىرلەيدىكەنمىز ، بۇ خاتىرە ـ ۋەتەن ئۈچۈن ئۇ پىدائىي ۋە جاسارەتلىك ئەۋلاتلارنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ، چۈشەنچە ـ مۇددىئالىرىنى كېڭەيتىشتە قەدىر ئاۋال پايدىسى تەگسە ، ئەينى مۇددىئا دەپ بىلىمىز .

مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ روھلىرى سىز ئوقۇغۇچىمىغا ھېمىشەم يار بولغاي !

**ئاسىم باقى ئوغلى**
( فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى )

ئۆزبەكىستان ، تاشكەنت شەھىرى ، 700135
چىلانزار ناھىيىسى ، 16 ـ كۋارتال ، 28 ـ ئۆي ،
19 ـ خانىدان

1991 . 11 . 5